

3

1982

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەر كەسپىي ساھەلەر نەشرىياتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن كەلگەن بىر قىسىم يولداشلار ۋىلايىتىمىزدىكى ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتتە.





ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى يولداش ئابدۇرىشىت ئاۋۇت مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىگە مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقاتماقتا.



ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى جېڭ شۈشېڭ، خالىق ساقى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا (يەن پى) نىڭ ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان يۇرتىغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى.

سۈرەتنى رەجەپ يۈسۈپ تارتقان

# يېڭى قاشتېشى



(پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال)

(تۆتىنچى يىل نەشرى)

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

يېڭى قاشتېشى
(پەسىللىك ژورنال)

1982 - يىل 3-سان
(4-يىل نەشرى، ئومۇمى 13-سان)

# بوستاندا

بۇنى ئۈچىرىك دېسىڭىزمۇ بولىدۇ...............(ھېكايە)................... سىدىق قاۋۇز 1
سېنى سويەك مېنىڭ بەختىم.................(شېئىر)..............ئابدىرېھىم ئىسمايىل 12
ئىككى شېئىر.............................(" ")...................ئابدۇللا كېرەم 13
ۋەتەنگە ئەھدىم...........................(" ")...................ئەيسا ياسىن 14
شېئىرلار.................................(" ")...................ئەرشىدىن راشىدىن 14
شېئىرلار.................................(" ")...................ئابدۇرېھىم ئېلى 17
سېيالكا «بالىسى»..........................(ھېكايە)................مەمتىمىن ئابدۇلى 21
ئىككى شېئىر.............................(شېئىر)................مەمتىمىن قۇربان 28
«يېڭى قاشتېشى»غا مەدھىيە.................(" ")...................ئۇبۇلھاشىم قاسىم 29
ئىككى شېئىر.............................(" ")...................ئاۋۇت ساۋۇت 30
گۈلەم ھەققىدە مۇخەممەس.................(" ")...................ئابدۇكېرىم مەخسۇت 31
نەدە.....................................(" ")...................تۇرسۇن نىياز 32
خىيالەتلىك دىيار، قەدىمى دەريا.............(" ")...................مەتىلى سايىت 33
گۈزەل سانجۇ..............................(" ")...................تۇرسۇنمەت ھۈسەيىن 34
ئۆزخا تاقىلغىنىنى تونۇزدى.................(ھېكايە)................ئابدۇللا غازى 36
ئەقىللىق توشقان..........................(مەسەل)................ماخمۇتجان ئىسلام 43
تونۇش ناخشا..............................(شېئىر)................ئامىنە تۆردى 45
دوختۇرنىڭ كېسەلى نەدىن كەلدى.............(ھېكايە)................ئەبەيدۇللا ھاشىم 47
پىروزا بىلەن يېزىلغان شېئىرلار... (چەتئەل ئەدەبىياتتىن) جاپپار ئەمەت تەييارلىغان 54
پاچاق چىقارغان تۇخۇم....................(بالىلار چۆچىكى) يۈەن جىڭگاڭ تەرجىمىسى 58
ياخشى يېزىلغان شېئىر....................(ئوبزور)... ئابلىز توختى، مەتقاسىم ئەكرەم 66
ئەخمەتشا قارىقاشىنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ئەسىرى – مىيۇدلەر مۇناززىرىسى.......... 69
ئىگەچى.................................(خەلق چۆچىكى)........خېلىل ئېلى تەييارلىغان 70
غايىپ نىكا...............................(" ")..........نۇرى كېرەم تەييارلىغان 83
شېئىرۋە رۇبائىيلار.........................(شېئىر)................داۋۇت مەتنىياز 90
مەسەللەر................................(مەسەل)................مۇھەممەت ئىمىن 91
ئىككى شېئىر.............................(شېئىر)................ئەرشىدىن تاتلىق 94
ئۆسۈل...................................(" ")...................سىدىق كېرەم 95
قىسقا خەۋەرلەر........................................................... 96




(ھېكايە)

سىدىق قاۋۇز

"چىپ-چىپ"، "چىپ-چىپ..."

ئاسما ئۆكۈل نەيچىسىدىن تامچىلاۋاتقان قاننىڭ بىرخىل رېتىمدىكى ئاۋازىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، تاشقى كېسەللەر بۆلۈم 15-ياتاق ئادەتتىن تاشقىرى سۈرلۈك ۋە جىمجىت ئىدى.

ياش تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى قاسىم كېسەل خاتىرىسىنى قولىغا ئېلىپ بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، تىڭشىغۇچنى كېسەلنىڭ يۈرىگىگە قويۇپ يەنە بىرقېتىم ئىخلاس بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇ زەخىملەنگۈچىنىڭ يۈرەك ھەركىتىنىڭ تەدرىجىي جانلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى بايقىدى بولغاي، كۆزلىرىدە خۇرسەنلىك ئالامىتى ئەكس ئېتىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ئارىدىن يىگىرمە مىنۇتتەك ئۆتۈپ زەئىپ گەۋدە ھەركەتكە كەلدى. مانا، بىركىلودىن ئۇشۇقراق ساپ قان، ئۇن نەچچە كىلوگىرام شىپالىق مەلھەم ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇلا ئەمەس، پىشقەدەم خەلق ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى — مەلۇم قىسىم دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ چاۋجاڭى گاۋ يىلىڭ، ياش شوپىر شياۋفاڭ، ئۈچ سوتكىدىن بېرى كېسەل يېنىدىن ئايرىلمىغان دوختۇر قاسىم، بەس-بەستە قان، ياق جان تەقدىم قىلغان جەڭچىلەر، جىنايەتچىلەرنى تەلتۆكۈس تورغا چۈشۈرگەن جخ ئىدارىسىنىڭ كادىر ۋە جەڭچىلىرى .... ئۇنى ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يورۇقلۇقنى كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر قىلدى.

كىتاپخان، مەن بىلىمەن، سىز «بۇ كېسەل كىم، ئۇنىڭغا نېمە بولغان، ھەربىي قىسىم دېخانچىلىق مەيدانى، جخ ئىدارىسىنىڭ كادىر ۋە جەڭچىلىرىنىڭ كېسەل بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟» دېگەن مەسىلىلەرنى بىلىشكە قىزىقىۋاتىسىز. شۇڭا سىزنىڭ رايىڭىزغا بېقىپ ھېكايەمنى ئەڭ ئەۋۋەلى، ئەڭ قىزىق يېرىدىن باشلىماقچىمەن.

بوپتۇ، ھازىرچە كېسەلنىڭ سەل-پەل ھوشىغا كەلگىنىنى، قوۋۇرغا ۋە يانپىشىدىكى پىچاق ئۇرۇلغان جاراھەت ئېغىزىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، ئۇ لەۋلىرىنى تامشىپ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولىسىمۇ، تاۋۇش دولقۇنى ئېغىز دەرۋازىسىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى، ئاخىرىدا «مەن نېمە

www.uyghurkitap.com



بولدۇم، چەرچىن مال بېسىلغان ھارۋا نەدە قالدى، بۇ كېسەل كارۋىتىغا كىم ئەكىلىپ قويدى؟...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەنە ھۇشىدىن كەتكىنىنى دېمەي تۇراي.

★

بۇ لۇما قېتەك سېمىز ئاتلاردىن تۆتى قوشۇلغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا يېرىم يولدىن ئارقىسىغا قايتىپ ناھىيىلىك سوداكوپېراتىۋىنىڭ ئامبىرى ئالدىغا كەلگەندە ئامبارچى ئالمىقاچان ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. كۈزەتچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئامبارچى ئۆيىدىن چاقىرتىپ كېلىنىپ، مال ئېلىش پاكتورىدىكىدىن ئۈشۈق چىقىم قىلىپ بېرىلگەن بىرتېڭمىق قارا چەپەرقۇت، بىرتېڭمىق توپا رەڭ دىكارەخ قايتۇرۇلغان چاغدا ئامبارچىنىڭ قانچىلىك خۇرسەنت بولغىنىنى دېمەيلا قويايلى. پەقەت ئامبارچىنىڭ «رەخمەتسىزگە يولداش قاۋۇل، ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنسىز...» دېگەنلىكى؛ قاۋۇلنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئەرزىمەيدۇ، مال دۆلەتنىڭ، بىزدە دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلمىسا، ئۆز خىزمىتىمىزگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟...» دەپ جاۋاپ بەرگەندە ئامبارچىنىڭ ھەم خۇرسەنت، ھەم خىجىل بولغىنىنى... سۆزلىسەكلا كۇپايە قىلار.

شۇنداق قىلىپ ئۈستىگە لىق مال بېسىلغان ھارۋا ئاسماندا تۈنجى يۇلتۇزلار كۆز قىسىشقىلى باشلىغاندىلا، ئاندىن، ئابايام ئارقىسىغا قايتقان جايىغا كېلەلىدى.

ھارۋا قارىماي ياتقۇزۇلغان خوتەن-قارىقاش تاشيولىنىڭ كەنتىدىن ئايرىلىپ چۆلگە كىرىپ كېتىدىغان قايرىلمىسىغا يېقىنلاشقان چاغدا ئەتراپ خېلىلا قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ئىدى. قاۋۇل ئەگەر ھېلىقى ئىككى تاي مالنى تاپشۇرمەن، دەپ يولدىن يانمىغان بولسا، ھېلىغىچە كۈكىش سوداكوپېراتىۋىغا ماللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ، ئۆيىدە ئىسسىققىنا ئاش ئىچىۋاتقان بولاتتى. مانا ئەمدى بىرنەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان مەھەللىسىز، ئادەمسىز چۆللۈكتە، يەنە كېلىپ تۇم قاراڭغۇ كېچىدە كېتىۋاتىدۇ.

«ھوشيار بولغۇلۇق!» دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ. دېمىسىمۇ ئات ھارۋىسىغا بېسىلغان ھەرخىل گەزماللار، سەيفۇڭ ماشىنىسى... بۇ ئازپۇللۇق نەرسە ئەمەسته!

قاۋۇل ئاتلىرىنى جىدەللەپ ھەيدىگەچ ئەتراپقا قاراپ-قاراپ قوياتتى. ئاتلارمۇ ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك پۇشقۇرۇشۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، يورغىلاپ ماڭماقتا ئىدى.

— ھارۋىكەش، بىزنى ھارۋىڭىزغا قوندۇرۇۋېلىڭ، كېچىدە يالغۇز ماڭغاندىن ھەمرا بىلەن ماڭغان ياخشى!...

يول ياقىسىدىكى ئىگىز-پەس دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان توت گەۋدە قاۋۇلنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ، چۆچۈتۈۋەتتى. ھەش-پەش دېگىچە بۇلار ھارۋا يولىغا-قاۋۇلنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ تەق-تۇرقى، رەڭگى-روينى ئانچە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىگىزرەك كەلگەن بىرسى چاقىغىنى يانىدۇرۇپ موخۇركىسىنى تۇتاشتۇرغان ئارىلىقتا قاۋۇل ئۇلارنىڭ ئەپتىگە غىل-پال كۆز يۈگۈرتىشكە ئۈلگۈردى.

يۈزى دۈگىلەككىنە كەلگەن، بۇرنى پاناق، قوشچاڭگىسىدەك پاخپاق چاچلىرى پېشانىسىنى يوگەپ تۇرغان ئاۋۇ بىرسى-چاخماق كۆللۈك كالتە يەڭ كوينەك كىيىۋالغان بولۇپ، بىرقارىماققا پوكانىغىلا ئوخشايتتى. يەنە بىرسىنىڭمۇ كاۋاچچىپىگى رەڭگە مايىل رەختتىن تىكىلگەن كەڭ پۇچقاق ئىشتىنى

قىزىل خىرومدىن تىكىلگەن ئىگىز تا قىلىق بېـ
تىنكىسىنى يېپىپ كەلگەن بولۇپ، يېشىغا نا-
مۇناسىپ ھالدا قويۇۋالغان بۇرۇتى بولمىـ
سا، بەئەينى ئايال كىشىنىڭ ئۆزى ئىدى.
قاۋۇل «لاپ» قىلىپ ئوچكەن ئوت يۇرۇغىـ
دا ئۇلارنىڭ كورۇنۇشىنى چالا-بۇلاكۇزەتتى-
دە، كوڭلى ئەنسىزلەندى.
—مەن ئالدىرايمەن،-دېدى ئۇ ئىلاجىسىز بار
سىلىقى سوزلەشكە تىرىشىپ،-ئۇنىڭ ئۇستىگە
كورۇپ تۇرۇپسىلە، ھاۋا ئۇستىدە ئولتار-
غىدەك ئورۇنمۇ يوق، بەختىڭلار بولسا بىرەر-
يېرىم قۇرۇق ھاۋا ئۇچراپ قالار، خوش!
قاۋۇل «دىرت-چۇ!» دەپ ئاتقا قامچا بىر-
قامچا سوقتى. ئىگىسىنىڭ كوڭلىنى بىلگەن-
دەك، ئاتلارمۇ تاكىراڭشىپ چېپىشقا چۇشتى.
ھېلىقى توتويلەن ھاۋاجايىدىن قوزغىـ
لىپ بولغىچە بىرسى ئۇيانىدىن، بىرسى بۇيانـ
دىن كېلىپ ئۇزىنى ھاۋىغا ئورۇپلا ئۇستىـ
گە چىقىۋېلىشتى. قاۋۇل گەپ قىلىپ بولغىچە
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇرۇتلۇق گەپ باشـ
لاپ:
—قانداق تاش يۇرەك ئادەمسىز، بىز ھار-
ۋىڭىزغا ئولتۇرۇۋالغانغا چاقلىرى ئۇپراپ
تىشلىپ كېتەمتى،-دېدى. ئاندىن يېنىدىكىـ
لەرگە:
—مەزمۇتراق جايلىشىپ ئولتۇرۇڭلار،-دەپ
جىكىلىدى.
ئۇلار بىلەن كىرىش-كىرىشلىشىپ تۇرۇشنىڭ پايـ
دىسىزلىقىنى ھىس قىلغان قاۋۇل نىمىلەرنىـ
دۇ قوشىغىغا پۇكۇپ:
—مېنىڭ ھارۋامغا چىقمىساڭلار بولمايـ
دىغان ئىش بولسا مەيلى، ئەمىسە تاماكۇنىـ
ئۇچۇرۇپ، ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇڭلار،
ئاتلار شاش، يىقىلىپ كەتسەڭلار، مەندىن
رەنجىمەڭلار!،-دېدى-دە، قامچىسىنى بىر ئۇـ
شىغا سوقتى. «دىرت-چۇ!...»

★

ئەلمىتە كىيىنۋالغان كېچە يولۇچىلىرىـ

نىڭ كىملىكىنى بىلگۈڭىزكېلەر، ئەلۋەتتە.
مەن ئۇلارنى سىز-كىتابخانلىرىمغا باشتىـ
راق تونۇشتۇرۇپ ئوتىمەن، كېيىنكى بايانـ
لىرىم چۇشۇنۇكسىز بولۇپ قېلىشى تۇرغان
گەپ:
يۇرت ئىچىدە «غالىپجىدەل» دەپ نامى
بار ئاۋۇ بىرسىنىڭ «ھونىرى» كوپ. ئۇنىڭ
قولىدىن «ھەممە ئىش» كېلىدۇ. يېشى ئەمدىـ
لا 25-26 لەرگە كىرگەن غالىپ «غا يە، ئەخلاق،
ئىستىقبال، توھپە، تۈزۈم، ئىنتىزام» دېگەن
سوزلەرنىڭ بەزىسىدىن ئولگۇدەك قاچىدۇ.
بەزىسىدىن ئۇمىتىمۇ قىلمايدۇ. ئۇئىش تۇزۇـ
مىگە، زاۋۇتنىڭ مەشغۇلات پىرىنسىپلىرىغا
رىايە قىلمىغانلىقى ئۇستىگە، ئەخلاقسىزلىق
كوچىسىدا، ئەيشى-ئىشرەت سورۇنلىرىدا خېـ
يىمنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا باقماي چېپىپ يۇـ
رۇيدىغىنى. تەشكىل، ئاتا-ئانىسى قانچە قېـ
تىملاپ تەربىيە، نەسىھەت قىلىپمۇ يامان
يولدىن بەزدۇرەلمىگىنى ئۇچۇن، زاۋۇتتىن
ھەيدەلگەن. كىشىلەر ئۇنى «ئىشى يوقلار شىر-
كىتى» دىكى «لاغاي دۇكىنىدا پىتنە-پاسات
ماللىرىنى ساتىدۇ، جىدەل-ماجرا تۇغدۇـ
رۇش پونكىتىنىڭ چاڭجاڭى» دەپ ئاتايـ
دۇ. ئەشۇ «غالىپجىدەل» بىركۇنى قاپىغىـ
نى ھوسمىدەك كوكەرتىۋالسا، يەنە بىركۇنى
تىرناق ئىزلىرىدىن پەيدابولغان قاندا غـ
لىرى بىلەن يۇزلىرىگە «گۇل» چېكىۋالىدۇ.
ئۇنىڭ قانچە قېتىملاپ ئاماننىق ساقلاش
ئورگانلىرى تەرىپىدىن سوراققا تارتىلـ
غىنىنى سانا ش قىيىن، لېكىن 2 قېتىم ئەمـ
گەك بىلەن ئوزگەرتىلگىنى راست.
ماۋۇ بىرسى « بۇرۇتلۇق سېلىم»،
«سېلىم يانچۇق» دېسە ھەممىسى بىلىدىغان
«مەدىنى يىگىت». يېشى يىگىرمىگىمۇ بارماي
بۇرۇت قويىۋالغىنى «مەدىنى» لىكىنىڭ بەلگىـ
سى، ئەلۋەتتە. ئانىسى شەھەرلىك باسما
زاۋۇدىدا، ئانىسى ئاپتوۋۇز شىركىتىدە بېـ
لەتسا تقۇچى بولۇپ ئىشلەيدىغان سېلىم-ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەلىبەمدىكىلەرنىڭ «ئاق بالام، كۆك بالام» دەپ تولا ئەركىلىتىشى، ئۇنىڭ رايىغا بەكراق بارغانلىقىدىن بولسا كېرەك، كىچىكىدىنلا ئەكە-تاينىق بولۇپ ئۆستى. مەكتەپ يېشىغا تولغاندا، يولنى مەكتەپكە سېلىپ قويۇپ دالدا، بۇلۇڭلاردا پوستەك، كېيىن قەرت، ئاخىرىدا قىمار ئوينايدىغان بولۇۋالدى. تولا ئۇتتۇرۇپ قەرزدار بولۇپ قالسا، دەسلەۋىدە ئۆيدىن، كېيىنچە باشقىلارنىڭ يانچۇقىدىن مال-مۈلۈك، پۇل-پۇچەك «ئارىيەت» ئېلىپ تۇرىدىغان بولدى. يېشى چوڭايغانسېرى فەرجى، خەرجىگە بېقىمىپ نەپسى ۋە يۈرىكى چوكۈپ زاۋۇت ئامبىرىدىن ۋەخولۇم-خوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن پۇللۇق بويۇملارنى ئوغرىلايدىغان بولىۋالدى. بىچارە ئاتا-ئانا ئوغلى سېلىمنىڭ ئاللىقاچان سېتىپ سۇ قىلىۋەتكەن نەرسىلىرىنى تولەش ھەساۋىغا ئوي ئىچىدە قىينىلىپ يۈرگەنلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ بەكراق ئەل-يۇرت ئىچىدە باش كۆتەرگۈسىز بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى بىلەن سېلىمنىڭ ئەسلا چاتىقى يوق.

ھېچ ئامال قىلالمىغان ئاتا-ئانا ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپمۇ باقتى. نەدىكىنى!، ئۇ چالاقالغان ئۆي بىساتلىرىنى يۇدۇپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىنى تېشىپ شۇ يەردىن چىقىپ كەتكىنىچە ئىككىنچىلەپ بوسۇغىغا پۇت قويمىدى. مەكتەپتىنمۇ ئايرىلىپ، كەسپىدىشى «غالىپ جىدەل»گە «ۋەزىر» بولدى.

مىجىت سا، مەتنىياز شەيتان دېگەن مۇنۇ ئىككىسى بۇ توپقا يېڭىدىن قوشۇلمىغان (قوشۇلغان ئەمەس، بەلكى قوشۇۋېلىنغان!) شاگىرتلار. ئۇلارنىڭ كىتاپخانلىرىمىزغا تونۇشتۇرغىدەك پەۋقۇلئاددە گۇمپىسى يوق. شۇنداقتىمۇ ئازراق ئىزاھات بەرمەي بولماس:

ھەپتە ئىلگىرى كىنوخانىلارنىڭ بىرىدە «سىرلىق بۇت» دېگەن فىلىم قويۇلدى. يېڭى كىنونى كىشىنىڭ كۆرگۈسى كەلمەيدۇ دەيسىز، شۇڭا بېلەت بوتكىسى ئالدى مىغ-مىغ ئادەم ئىدى. بىر-بىرىگە قوشنا ئولتۇرىشىدىغان مىجىت سا بىلەن مەتنىياز شەيتان چۈش بولماستىلا بۇ يەرگە كېلىپ ئۇن نەچچىدىن بېلەت سېتىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەختىگە كەچتە ئادەم كوپ بولغاچقا، بېلەت باھاسى ئۆرلەپ 40 فوڭغا چىقتى. مىجىتنىڭ قولىدا 31 دانە، مەتنىيازنىڭ قولىدا بىر دانە بېلەت قالغان ئىدى، تۇساتتىن كەينىدىن بىرسىنىڭ: «سا تامەن؟» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆكتۇلىسىغا «ۋاق!» قىلىپ ئۇرغىنىغا ئاچچىقى كەلگەن مىجىت، كەينىگە بۇرۇلۇپ چۆجەخورازدەك ھورپەيدى. ھورپەيدى-يۇ، ھورنىغا چۈشۈپ شۈك بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا «غالىپ جىدەل» بىلەن «سېلىم يانچۇق» مەسلىكىدىن ئارانلا دەڭشىپ تۇراتتى. مىجىت بىلەن مەتنىياز بۇ ئىككىسىنى بىلگەچكە، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

— ۋاي-سويىملار، پۇلۇمنى بەرمەمدىكەن، دەپ تىتىرشىۋاتامسەن، ئالەماۋۇ پۇلنى، ئاشقىنىغا گازىر ئېلىپ كەل، كىنو كورمىمىز، دېدى غالىپ جىدەل. مىجىت گەپ قىلماي ئىككى يۈەنلىك پۇلنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى-دە، يېرىپ گازىر ئېپكەلدى.

بۇگۈن قايسى بىر مومىن سەھرالىقنى قاخشاتقان سېلىم بىلەن غالىپنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ كەتكەنتى. شۇڭا بۇ ئىككى بېلەت تىجارەتچىسىنى ئانچە-مۇنچە مېھمان قىلغانىمۇ بولدى. كىنودا بىرقېتىم باشقىلاردىن ئۆرۈن تالىشىپ، يەنە بىرقېتىم «قۇلۇغۇمنىڭ تۈۋىدە پوجاڭ ئاتتىڭ» دەپ قىسقا جىدەل قىلىشقا ئۇلگۇرگەن غالىپ بىلەن سېلىم، «بېلەتچى»لەرنى ئەتە ئۇچرىشىشقا كوندۇرۇپ خوشلاشتى.

مىجىت بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئوتەلمىگىنىچە ئۆچۈن ئائىلىسىدە لاغايلاپ يۈرەتتى. مەتنىياز بولسا ئەمدىلا 9-سىنىپنى تۈگەتكەن، تەتىلدىن كېيىن 10-سىنىپقا كىرىشى لازىم ئىدى.

كېنوخا ئېدىن چىققاندىن ئەتىسى مەسجىت ئۆيىدە ئاغىنىسى مەتنىيازنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. سېلىم بىلەن غالىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىر بوتۇلكا ھاراق ۋە ئازتولا زاكوسكىمۇ ئالغاچ كېلىشكەن ئىدى.

—ئانا ئېدىن قورقۇۋاتامسەن؟ ۋاي سويىما، — دېدى غالىپ جىدەل يېرىم چاقچاق، يېرىم مەسخىرە ئاھاڭدا، — سېنى كۆڭلىمىز تارتىپ ئۆيۈڭگە كەلدۇق، بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ پاراڭلىشارمىز؟...

ئۇ، مەسجىتنىڭ «ماقۇل-ياق» دېيىشىگىمۇ باقماي، كارۋات ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. سېلىم شىرەنى جايلاشتۇردى. ئەمدى رومكىنى ئەكەلمەي بولمىدى. ھايال ئۆتمەي يېتىپ كەلگەن مەتنىيازمۇ بۇ سەپكە قېتىلدى.

ھاراق شۇنداق ھىلىگەر سوھبەتداشكى، ئۇ بەزىدە تېگى-تەكتى ئېنىق بولمىغان، ئۆزئارا سىنالمىغان كىشىلەرنىمۇ ئۇلپەتلىك زەنجىرىگە باغلاپ قويىدۇ. بۈگۈن ئۇلارمۇ بىر ئاز قىزىشقاندىن كېيىن بوتۇلكا يېنىدا دوست بولۇپ قېلىشتى.

بوتۇلكىنىڭ تېگى كۆرۈنەي دېگەندە، غالىپ مەيدىسىنى كېرىگەنچە جوزىغا مۇشلاپ سۆزلىگىلى باشلىدى:

—بىز ئەمدى دوستلىشىپ قالدۇق، سىلەر ئىككىڭلار نەۋاقىچە بېلەت ئېلىپ-سېتىپ جېنىڭلارنى قىينايسىلەر، كونىلاردا «بۇرۇنقى ئاشتا قوساق تويمايتتۇ» دېگەن گەپ بار. مەكتەپنىڭ تۆپىسىنى يالاپمۇ تاپقان كۆنۈكلەر «ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى» دىن يىراققا بارالمىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، يا؟... ئۇ بىر-بىرىگە باغلاشمايدىغان بىرتالاي گەپلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە گەپ باشلىدى:

—چوڭ بوپ قالدۇق، چوڭ بوپ!... بىلىپ قويۇڭلار، «قورۇق يىگىت ئەمەن پۇر ئايدۇ» جۇمۇ!... ھەممىسىنىڭ جاجىسى-نە پۇل. پۇل تېپىشنى بىلمىسەك ھالىڭغا ۋاي. قانداق دەيسىز ئاغىنىلەر؟.

ئۇمەس. ئەلەس كۆزلىرى بىلەن سېلىمغا قاراپ قويدى.

—غالىپنىڭ گېپى راست، — دېدى سېلىم ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ پاراڭغا چۈشتى، — ماۋۇ ئىككىڭلار بىلمەيسىلەر، بىز دېگەن پۇلنىڭ ئۈستىدە غىل تېپىلمىدىغان نوچىلار. ئەگەر ئىككىڭلار تۆت موچەنىڭ تۆشۈكىدىن يۇمىلىنىپ يۈرمەيلى دېسەڭلار، غالىپنىڭ گېپىگە كىرگىنىڭلار، بىزگە قولقانات بولغىنىڭلار ياخشى!

مەتنىياز بىلەن مەسجىت بىر-بىرىگە قارىشىپ، ئاندىن ئاۋۇ ئىككىسىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى.

—مېنىڭ پىكرىمچە، — دېدى غالىپ، — مۇبادا سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار، ئۈرۈمچى، لەنجۇ، شاڭخەيلەرنى ئايلىنىپ كەلسەك، چوڭ شەھەرلەرنىڭ قوينى كەڭ، پۇل تېپىش، تىرىكچىلىك قىلىش يوللىرىمۇ تولا.

مەسجىت بىلەن مەتنىياز «ئۈرۈمچى، شاڭخەي» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەۋەس بىلەن ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. بۇ ئىككىسى «سويىما»نىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان سېلىم پەيتنى تۇتۇپ دەي-دەيگە سالغىلى تۇردى.

سامساۋىخىيالار بىلەن ئۆزىنى ئاللىقاچان چوڭ شەھەرلەر قوينىدا، بىردۇۋە بەش ئون يۈەنلىك پۇللارنى ئاراندا كۆرگەن مەسجىتقا بۇ گەپ ياغدەك ياقتى بولغاي، ئاغىنىسى مەتنىيازغا مەسلىھەت سالغاندەك قىلىپ:

—مەتنىياز، سەنچە قانداق؟ تەۋەككەل قىلىپ بىر ئايلىنىپ كەلسەمدۇق-يا؟ — دېدى. مەتنىياز سەل ئىككىلەنگەن ھالدا ئېيتتى:

—ئايلىنىپ؟ ئۇنداق ئاسان ئەمەستۇ؟ ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن، ماشىنا كىراسى، خەجە-خىراجەتنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ تېخى بىر يىللىق ئوقۇشۇم بار...

—قويۇڭلار «ئوقۇش-پوقۇش» دېگەننى، مانامەن ئوقۇمىدىممۇ، ئاخىرى بېرىپ يەنە «ئىمتىھان»، يەنە شۇ «ئۆتەلمىدىڭىز»دىن باشقا گەپ بولمىسا...

بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئېزىتقۇ كۈچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غالىپجىدەل بىلەن سېلىم يانچۇقىنىڭ زەي سالماي ئاتقان پاختىسى بۇئىككى «سويما»نى بىردەمدە ئەيۋەشكە كەلتۈردى. ئۇلار «تاپقاننى تەڭ يەپ، بارنى تەڭ خەجلەپ» «پۇلنى ياقا يۇرتتىن، رىسقىنى يول ئۈستىدىن» تاپماققا كېلىشىپ قوللاشتى...

شۇكۈنكى ئولتۇرۇشتا «سەپەرگە تەييارلىنىش ۋاقتىمىز بەش كۈن بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى «كۆپنى كۆرگەن» غالىپجىدەل. باشقىلار ئۇنىڭ رايى بويىچە ئىش تۇتتى. ئۇلار چارشەنبىنى «قۇتلۇق كۈن» قىلىپ تاللىۋالدى-دە، تەۋەككۇللاسىغا قەدەم بېسىپ «دالا يورۇشى»غا ئاتلىنىپ كەتتى.

ئېيتماققا ئاسان، ئەمما شەرقىي ناھىيىدىن ۋىلايەت مەركىزىگە كېلىپ بولغىچە ئۆتكەن 3-4 كۈن ئىچىدە سەپەر مۇشەققىتى ئۇلارنىڭ ھوممىسىنى كۆزىگە كۆرسەتكەن ئىدى. سەپەرنىڭ دەسلەۋى خېلى ياman ئەمەس ئۆتتى. لېكىن سومكىغا قاچىلىۋالغان نانلار ئاخىرلىشىپ، ھېلى ئاچلىق-ئۇسسۇزلۇق، ھېلى قۇم-بوران قىينىغىلى تۇردۇۋدى، مىجىت بىلەن مەتنىيازنىڭ «ئۈرۈمچى، شاڭخەي» ھەۋىسى سۇپۇن كۆۋۈكىدەك يېرىلىپ تۈگىدى. شۇنداقتىمۇ نىمە ئامال، ئۇلار ئىككى «يېتەكچى»نىڭ دېگىنىنى قىلىپ، قاقتى-سوقتىدىن كېلىدىغان پۇلنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ، ئاران دېگەندە ۋىلايەت مەركىزىگە كېلىۋالغىنىمۇ بولدى.

سېلىم مال بازىرىدا سوقۇلۇپ يۈرۈپ، بىر دىخاننىڭ كالا ساتقان 230 يۈەن پۇلىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، غالىپقا تاپشۇرغاندىن كېيىن، سەپەرچىلەرگە سەل-پەل جان كىردى. ئەجىرسىز كەلگەن پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمىدى-2 كۈن ئىچىدىلا شامالغا ئۇچقاندەك خەجلىنىپ تۈگىدى. قايسى بىر كادىرنىڭ يانچۇقىغا سېلىنغان قول سېلىمنى تۇتۇپ بەرگىلى تاسقالدى. ئەپلىشىپ بەرمىگەن «ھونەر»دىن رەنجىپ ئارانلا قېچىپ كەلگەن سېلىمنىڭ ئالدىرىتىشى، غالىپنىڭ بۇيرۇغى بۇئىككىيلەننى «خوتەن قېيى»نى بويلاپ يۈرۈشكە مەجبۇرلىدى...

★

غەلىتە يولۇچىلار توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك ئىزاھ بەرسەك كۇپايە قىلار، ئەندى مەن كىتاپخانلىرىمنى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە-قاۋۇلىنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىمەن.

قاۋۇل ئۆزىنى مۇھاسىرە قىلىپ ئولتۇرغان ئۈچۈن ھەمرالارنىڭ كۆڭلىدە قانداق مۇددىئا بارلىغىنى تازا ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما «بۇلار چوقۇم ياخشى ئادەملەر ئەمەس!» دېگەننى قايتا-قايتا مۇقىمداپ كېلىۋاتاتتى.

بۇتوپنىڭ سەركىسى بولغان غالىپجىدەل ئۆزىچە چوت سوقماقتا: «خۇدا خالىسا، ئەلدالدىنغىراق ئوتتۇپ ھارۋىكەشنى جايلايمىز. ھارۋا ئۈستىدىكى يۈك-ماللار، 4 ئات، بىر ھارۋا... ئەڭ كېمىدە 3-4 مىڭ يۈەن، ياق 5 مىڭ يۈەن، يانچۇغىدا بىر-ئىككى يۈز يۈەن بولىشىمۇمۇمكىن... پۈتۈن تەئەللۇقات بەش ھەسسە قىلىنىدۇ. مەن ئىككى ئۈلۈشنى ئالىمەن، سېلىمغا بىر يېرىم ئۈلۈشنى بېرىمەن، ئاۋۇ ئىككىسىگە بىر يېرىم ئۈلۈشنى بەرسەم تەلەپچىگىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ...»

ئۇ، يانپاشلاپ ياتقان جايىدىن لىككىدە كۆتۈرۈلدى. ئاندىن ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئەتراپ جىم-جىت، كۆز يەتكۈدەك ئارىلىقتا نە بىر ئۆي، نە بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنمىگەنىدىن خۇشاللانغان غالىپ، ھارۋىكەش قاۋۇلغا سىنچىلاپ سەپسالدى.

«خېلى كۈچى بار، قاۋۇل بىر نىمىدەك قىلىدۇ. كۈچىمىز يېتەمدۇ؟ ئەلۋەتتە يېتىمىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىدۋە بولغانىدىمۇ يالغۇز، بىز تۆت. دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەك! ناۋادا بىرەر ئادەم ياكى ھارۋا-ماشىنا ئۆتۈپ قالسا، كىم بىلىدۇ...» غالىپ شۇ خىياللارنى كاللىسىدىن غىل-پال ئۆتكۈزدى-دە، قاۋۇلغا يېقىنلاپ كېلىپ گەپ تەشتى:

-بۇرادەر، بىزگە ئازراق ياردەم قىلىڭلار.
بىز مۇساپىر يولۇچى، خەجە-خىراجىدىن قىپ-
سىلىۋاتىمىز، ياڭغاندىدىڭلار يا، ئاغىنىلەر؟
ئۇ، «پەيت كەلدى، تەييار ئىمىنىڭلار!» دىگەنـ
دەك قىلىپ، قالغان ئۈچەيلەنگە خىتاپ قىلـ
دى.

-راست، راست شۇنـداق،- دىدى سېـ
لىم بىشارەتنى چۈشىنىپ.

-ياردەم قىلىڭ؟ بولىدۇ، تەخىر قىلىڭلار،
مەھەللىگە يېتىپ بارغاندا چوقۇم ياردەم قىلـ
ىمسام بولمايدۇ،-دىدى قاۋۇلكىنايە تەلەپ-
پۇزىدا. قاۋۇل ئۇلارنىڭ گەپ-سوزىدىن مەقـ
سەتنى تامامەن چۈشەنگەن ئىدى. شۇڭا ئاتـ
لارنى تېخىمۇ تېزھەيدىگەچ ئۇلارغا قانداق
تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى ئويلىدى.

-نىمە، مەھەللىگە بارغاندا؟ بىزنىڭ ئىـ
سىدىن تەلىپىمىز يوق، ھەممە نەرسە نەق بولـ
غىنى ياخشى،-دىدى سېلىم كورەڭلىك بىلەن.
-ئۇكىلار، سىلەر ئالجىپ قالمىغا نسىلەر؟
بىرىنچىدىن يېنىمدا نەق پۇل يوق، ئىككىنـ
چىدىن پۇلغا بۇشورلۇقسا يىنىڭ توپىسىنى ئالـ
مايدىغانسىلەر، پۇل دىگەن بازار-رەستىدە
لازىم، شۇنداقتۇ؟...

-«يولتۇزمۇ كورۇندى»- غالىپ سېلىمغا
قاراپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ «ۋاقىت يەتتى، ئىش
باشلايلى» دىگىنى ئىدى. مەقسەتنى چۈشەنـ
گەن سېلىم:

-توختات ھارۋاڭنى! گەپ ئەگىتمەي يانـ
چۇغىڭدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ياخشىلىقچە
ئالدىمىزدا قوي!-دەپ ھۆكىردى.

-تىرىدت...ۋە...ئاستىراق،...

-پۇلغا تۇرامسەن، جانغىمـۇ؟ غـالىپ
قاۋۇلنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلـكىشلىدى.
سېلىممۇ يەڭلىرىنى شىمايلىغىنىچە ئۇنىڭ قۇـ
لاق تۈۋىنى دەللەپـەۇش ئاتـتـى. ئەمـا
قاۋۇلـنىڭ بېشىغا تەككەن قولى «قىرىس»
قىلىۋىدى، ئۇ«ۋاي» دىگىنىچە قولىنى ئۇۋـ
لاپ قالدى. ئاڭغىچە «قاس» قىلىپ تەككەن
مۇشىغا لىپنىڭ كوزلىرىدىن ئوت چاقنىتىۋەتـ
تى-دە، مۈللاقلىغىنىچە ھارۋا ئۈستىدىن يەرگە
ئۈچۈپ چۈشتى. سوڭغا تەككەن پەشۋادىن ھوـ
شىنى يوقاتقان سېلىم غالىپنىڭ ئۈستىگىلا
يىقىلدى.

«سـويـما»لار سـوغـۇق شـامـالـ
نىـڭ شـەپـىسىنى سېزىپـلا ئۆزلىگىدىن
سەكرەپ چۈشۈۋالغان ئىدى...

قاۋۇل ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېرىشىمۇ
بولاتتى، ئەمما، ئۇ بۇنداق قىلىشنى خالىـ
مىدى. ئۇنىڭ بىركۈممۇنىستتا بولۇشقا تېـ
گىشلىك ۋىجدانى بۇرچى جەڭ مەيدانىدىن
قېچىشقا يول قويمىدى. شۇڭا ھارۋىـدىن
سەكرەپ چۈشتى.

بۇچاغدا قاۋۇلغا بولۇشۇشنىخالىغاندەك،
بۇلۇتلار ئارىسىدىن يېرىپ چىققان ئـاي
ئەتراپنى سۈتتەك نۇرى بىلەن قـاپلىغان
ئىدى.

قاراپ تۇرۇپ قولدىن چىقىپ كېتىۋاتـ
قان 5مىڭ يۈەنلىك مال-دۇنيانىڭئوتى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە زاڭاققا تەككەن مۇشىنىڭ ئاچچىغى
بىربولۇپ، غالىپ جىدەلنى ئوتقا چۈشكەن
قىلدەك تولغاندۇرۇۋەتتى. ئۇ يىقىلغان يېـ
رىدىن ئىمىلەكلەپ قوپتى ۋە يـانچىشنىڭ
ئاغرىشىغا چىداپ تۇرۇپ ھەيۋە قـىلدى:

-ھۇ خۇمپەر، ئانا ڭنى!... خەپ سىنى...
قاراپ تـۇر، يـەرگە چـاپلىۋەتـمەيدىغان
بولسـام....

غالىپنىڭ سوزلىرىدىن مەدەت تـاپقان
دەك بولغان سېلىم قولىنى قېمىرلىتالمايـ
ۋاتقىنىغا باقماي، خـوجا يىنىغا «ھە-ھۇ»
قىلىشىپ، ھارۋا تەرەپكە ئـىشەنچسىزلىك
بىلەن يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئەمما مەتنىـ
ياز بىلەن مېجىت بولسا بۇئىش بىلەن مۇـ
داسىۋىتى يوقتەك بىر تەرەپتە قاراپ تۇرىـ
شاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قاۋۇل دەسلەۋىدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ قايسىسى يېقىنلاشسا شۇنى ئۆتتۈرلۇق ئەدەپلىگەچ، بۇ ئىككىسىنىڭ قانچىلىك كومپىسىنى بارلىغىنى ۋايىقاپ چىقتى. كېيىن ئۆزىنىڭ ھەربى قىسىمدا ئۆگەنگەن بىرقاتار ھۇجۇم-مۇداپىئە تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى ئۇر-سۇر قىلىۋەتتى.

غالىپ بىرقانچە قەدەم نېرىدىن شوخىشىپ كېلىپ، كۆچەپ سەكرىگەنچە قاۋۇلنىڭ زاڭىغىنى چەنلەپ پەشۋا ئاتتى. ئەمما، قاۋۇلمۇ بوش كەلمىدى، ئۇجەبدەسلىك بىلەن غالىپنىڭ پۇتىنى تۇتىۋالدى-دە، ئالدىغا بىرتارتىپ، ئىشتىرىپلا قويىۋەتكەنتى، ئۇ شۇھامان يىلتىزىدىن كېسىلگەن تېرەكتەك ئوڭدىسىغا چۈشتى. قاۋۇلنىڭ دىققىتى غالىپقا بۇرالغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان سېلىم يانچۇق ئىشتىنىنىڭ كەمرىنى سۇغۇرۇپلا قاۋۇلنىڭ بېشىغا توقا بىلەن ئۇردى، قاۋۇل چاققانلىق قىلىپ، كەمەرنى ئۇنىڭ قولىدىن «شارت» قىلىپ تارتىۋېلىپ كەمەر بىلەن سېلىمنى ئۇرۇشقا باشلىدى.... كوك قومقاچىلانغان خالتىدىن ئىككىنى توروسىغا ئېسىپ قويۇپ پەشۋا-ھامپا ئېتىشنى مەشىق قىلغان بۇ ئىككى كورەشنىڭ «پالۋان»لىغى بۇيەردە ئەسقاتماي قالدى.

—سەنلەر،....ھۇ سويىملار، بىز بۇيەردە جان بىلەن ئويۇنىشىۋاتساق، ئىككىڭ تاماشا كورۇۋاتامسەن؟! غالىپ جان ئاچچىغى بىلەن مەجىت ساۋەمەتنىياز شەيتانلارغا ۋاقىرىدى.

مەجىت بىلەن مەتنىياز ئۈرۈمچى، لەنجۇ، شاڭخەي ۋە پۇل ھەۋىسىگە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆيى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا خېلىدىن بېرى پۇشايمان قىلىۋاتقان ئىدى. ئوغرىلانغان كالا پۇلىسىنى خەجلىگەندە بولسا نومۇستىن يۈزلىرىگە ئوت ئېلىپ، يىگەن-ئىچكەنلىرى بەدىنىدىن تېشىپ چىققاندەك بىئاراملىق ھېس قىلىشقانتى. مانا، بۈگۈن ئۇلار بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىق تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ نەپرىتىنى قوزغىغاچقا، ئۇلار خېلىدىن بېرى نارازىلىق قەھرىنى ھەركىتىدە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەپلىك پەيت كۈتىۋاتقان، يولىكەلسە ھارۋىكەشكە ياردەم كورسەتمەكچىمۇ بولۇشقان ئىدى.

—ئاغىنىدارچىلىقتا يارىمايدىغان توخۇيۈرەكلەر! تېز بولۇش، تېز!...دېدى سېلىم يانچۇق بىرتەرەپتە تۇرۇپ.

مەتنىياز بىلەن مەجىت ئاستاغىنا كوز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى.

—ئەپكەل پىچاقنى! غالىپ مەتنىيازنىڭ غىلاۋىدىكى پىچاقنى يۇلۇپلا تارتىۋالدى، ئاندىن قاۋۇلنىڭ ئالدىغا خىقىراپ كەلدى. ئۇ بىر دەم ئۇيان، بىردەم بۇيان چوڭگىلەپ يۈردى-دە، پىچاقنى كوتەرگىنىچە قاۋۇلغا ئېتىلدى. سېلىممۇ يەردىن بىر چاڭگال شورلۇق توپىنى ئېلىپلا قاۋۇلنىڭ كوزىگە چېچىۋەتتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان غالىپ قارا كۆچىنى پىچاق بار قولىغا يىغىپ «غاچ» قىلىپ ئۇرغانىدا، قاۋۇلنىڭ سول تەرەپ ساغرىسىدىن خېلىلا يوغان بىرقان بۇلىغى ئېچىلدى. ئاڭغىچە سېلىم يۈگرەپ كېلىپ قاۋۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆزىنى ئاتتى. قاۋۇل ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ سېلىم يانچۇقنى بويىنىدىن تۇتۇپلا، بېشى ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئۈچ-تۆت قەدەم يىراققا ئېتىۋەتتى. بۇچاغدا ئىككىنچى قېتىملىق پىچاق ئۇنىڭ سول تەرەپ قىزۋۇرغىسىنىڭ ئۈستىگىلا سانچىلىپ تۇختاپ قالدى.

قاۋۇلنىڭ بەدىنىدىكى ئىككى پىچاق ئىزىدىن چىقىۋاتقان قان ئۇنىڭ كوينەك-ئىشتانلىرىنى قىپقىزىل قىلىۋەتكەن ئىدى.

بىرئادەمنىڭ ئىككى ئادەمگە تاقابىل

كېلمشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرسا ئەتتىن ئو-
شۇق جىددى ئېلىشىش ئاسان ئىش ئەمەس.
يەنە كېلىپ قاۋۇلنىڭ ئىككى يېرىگە سانـ
چىلغان پىچاق ئورنىدىن ئاققان قـانمۇ
ئازئەمەستە!

قاننىڭ كوپ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن بولـ
سـا كېرەك، ئۇ، ئۇزىنىڭ بەكمۇ ئۇسساپ، ماغـ
دۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلـ
دى، پۇت قوللىرى بوشاپ، بېشى قـېيىپ
ئاستا-ئاستا ھۇشسىزلىنىپ يېقىلدى....

تەكلىماكان چۆلى تەرەپتىن غەربكەـ
ۋىلايەت مەركىزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئاپـ
تومبىلنىڭ چىراقلىرىدىن چېچىلغان ئـاپـ
پاق نۇر تالالىرى توم بىرجۇپ ئوقيادەك تۇن
قاراڭغۇلىقىنى يېرىپ ئوتۇپ بارغانسېرى
يېقىنلاپ كەلدى.

ھۇشسىزلىنىپ يېقىلغان قاۋۇلنىڭ يانـ
چۇغىدىن قانغا چىلاشقان 88 يۇەننى سۇغۇـ
رۇپ ئېلىپ يانچۇغىغا جايلاپ بولغان غاـ
لىپ جىدەل:

—خەير، يولۇڭ ئۇدۇل جەھەننەمگە بولـ
سۇن!—دېگىنىچە پىچاقنى ئىگىز كوتىردۇـ
دى، «توختا! ئەمدى نوۋەت مېنىڭ»دېگەن
ئاۋاز بىلەن تەڭلا قولىغا ئۇرۇلغان سىم
قامچا ئۇنىڭ بىلىكىدە «قىزىل بىلەيزۇك»
ھاسىل قىلدى. پىچاق ئـاللىقاياقلارغىمۇ
ئۇچۇپ چۇشتى. بۇ مەنزىرە زىنىڭ جىددى پەيتـ
تىكى ھەركىتى ئىدى.

—ۋايجان... ۋاي قولۇم... غالىپ ئىنـ
جىقلىغىنىچە قاۋۇلنىڭ ئۈستىدىن چەتلەشتى.

ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى تېڭىقلار ئارىسىدا
نىمىنىدۇ ماتىلاپ يۈرگەن سېلىم يانچۇق
غالىپنىڭ ئاللا-تۇۋىسىنى ئاڭلاپ، چۇچۇپ
يەرگە چۇشتى-دە، بۇلار تەرەپكە يۈگرەپ
كەلدى.

—نىمە گەپ، نىمە بولدى؟
—ماۋۇسىيما خوجىسىغا چىشىنى ھىڭگايـ
تىۋاتىمدا، ۋاي قولۇم...

—مەتنىيازمۇ سەن، خىيالىڭدا سېلىمنىڭ
قولى كارغا يارىمايدۇ، غالىپ بـايا تىن
پومىداقلىشىپ ھالىدىن كەتتى، ئەندى تەيـ
يار دۇنياغا ئوڭـچە ئىگە بولىمىز، دېيىشىـ
ۋاتقىنىڭلارمۇ بۇ؟ ئاكـاڭ تېخى سەنىدەك
سويىملاردىن نەچچىسىگە تېتىمىدۇ، بىلىپ
قوي!

—تۈفـى قـانخور بـۇلاڭـچىـلار!،
—دېدى مـەتنـىياز بـىلـەن مـىجىت،—
بىزگە بىگۇناھ جانغا زامىن بولۇپ، ئوغرىـ
لاپ-بۇلاپ تاپقان نەرسىلەرىنىڭ كېرىگـى
يوق! سـەنلەرنىـڭ ئۇرۇمچى، شاڭـخەي
ھەققىدە بىرتالاي ۋازۇزۇھا سېتىشقانلىرىڭغا
ئالدىنىپ قىلغان - ئەتكەن گۇناھلىرىمىزمۇ
يېتەرلىك....

غالىپ جىدەل بۇ ئىمىيانچىلارنىڭ تازا
كېلىشتۇرۇپ جازاسىنى بېرىدىش قېيىنتىدە
«ئولتۇرۇۋېتىمەن بۇئىككىيھارىمىنى» دېگىنىـ
چە ھۇرپىيىپ كېلىۋاتقىنىدا سېلىم يانچۇق
ئۇنى ئاستا بىريانغا تارتىپ پىچىرلىدى.
غالىپ جىدەل ھۇشـغا كەلگەندەك بولۇپ
ئارقىسىغا بورۇلدى. بۇرۇلدى-يۇ، چوچۇپ
كەتتى. ئاپتوموبىل ناھايىتى يېقىن-بىرەر
يۈزمېتىر نېرىدا كېلىۋاتاتتى.

—خەپ توختاپ تۇرۇش، ھىسابلىشىۋالاـ
مىز تېخى.....

غالىپ بىلەن سېلىم كۆز نۇرىدىن قورقـ
قان شەپەرەڭدەك ماشىنا يورۇقى كېلىۋاتـ
قان تەرەپكە ھولۇقۇش ئىچىدە يەنە بىرقېـ
تىم قارىدى-دە، سېـلىمغا قاراپ «يۈر!»
دېگىنىچە قويرۇقنى خادا قىلدى.

كۆزۈپنىڭ ئىچى لىققىدە قوغۇن-تاۋۇزـ
غا تـوشقان بۇ ئاپتوموبىل — مەلۇم قىسىم
دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ بولۇپ، مەيدانىنىڭ
چاڭجاڭى گاۋيىڭ، شوپىر شىياۋفاڭ بىلەن
بىللە قىسىمغا قوغۇن-تاۋۇز يەتكۈزۈپ بېـ
رىش ئۇچۇن كېتىۋاتاتتى،

— چاڭجاڭ، — دېدى شوپۇر شياۋفاڭ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى سەل ئاستىلىتىپ، — قاراڭ ئالدىمىزغا؟

گاۋچاڭجاڭ ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇغى ئاپپاق قىلىۋەتكەن يول ئۈستىدە نېمىلەرنىدۇ قىلىپ يۈرگەن ئىككى ئادەمنىڭ گەۋدىسىنى، يول ياقىسىدا بولسا لىققىدە يۈك بېسىلغان ئاتھارۋىسىنى ئېنىق كۆردى.

— ئېھتىمال يۈكلىرى چېچىلىپ كەتكەن ھارۋىكەش بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ سىنچىلاپ قاراۋېتىپ ۋە شياۋفاڭغا، — بىز بۇلارنىڭ يۈكىنى تېگىشىپ بېرەيلى، قانداق، — دەپ سورىدى.

— چاتاق يوق، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز — دە!

ھەش-پەش دېگۈچە ئاپتوموبىل ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. شياۋفاڭ ماشىنىنى تورموزلىدى. ماشىنا توختىشى بىلەنتەڭ گاۋچاڭجاڭ كېپىنكىنى ئېچىپ يەرگە چۈشتى. نەدىمۇ يۈكلىرى چېچىلىپ كەتكەن ھارۋىكەش بولسۇن، ئىككى ياش يىگىت غەرق قانغا مىلەنگەن بىر گەۋدىنى قۇچاقلاپ نېمىلەرنىدۇ دېيىشىۋاتاتتى.

— لاۋشياڭ، زىمىلا؟ چۈشىنەلمىدىما؟ ① ...
گاۋچاڭجاڭ خەنزۇچە شۇنداق دېدى. مەتنىياز بۇ گەپنىڭ مەناسىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ خەنزۇچە ئاڭلاش، سۆزلەش قابىلىيىتى خېلىلا ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا ئۇ قىلچە دۇدۇقلىماي ئەھۋالنى قىسقىلا قىلىپ ئۇقتۇردى، گاۋچاڭجاڭ بىلەن شياۋفاڭ ھوشسىز ياتقان قاۋۇلغا، غالىپ جىدەل بىلەن سېلىم يانچۇقىنى بىردەملىك قوينىغا ئالغان كېيىنچە قاراڭغۇلۇقتا بىرمۇنچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، شياۋفاڭ بىلەن قىسقىلا قىلىپ مەسلىھەتلەشتى: شياۋفاڭ بىلەن مەجىت يارىدارنى ئېلىپ دوختۇرغا بارىدىغان، گاۋچاڭجاڭ بىلەن مەتنىياز ئاتھارۋىسى ۋە يۈكلەرنى قوغداپ تۇرىدىغان بولدى...

قاۋۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە كېچە سائەت بىرگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. دۇجۇرنىلىك بولۇۋاتقان ئىككى نەپەر سېستىرا قىز پايپېتەك بولۇپ، ئىككى تەرەپكە چاپتى. ھايال ئۆتمەي نۆۋەتچى دوختۇر قاسىمنى قايسىبىر كېسەللەر ياتىقىدىن چاقىرىپ كەلدى.

بىر قاتار تەكشۈرۈشتىن كېيىن قاسىم دوختۇرنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى، ئۇ سېستىرالارغا دېدى:

— قان بەك كۆپ ئېقىپ كەتكەن، يۈرەك سوقۇشى ناھايىتى ئاجىز، ساغرىسىدىكى جاراھەت ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلىقى 6 يېرىم سانتىمېتىر، بىر تال قوۋۇرغىسى يېرىلغان، ئەھۋال خەتەرلىك، ناۋادا دەرھال قان سېلىنمايدىغان بولسا ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش تەس.

شوپۇر شياۋفاڭ، دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىدىن كېسەلنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان ئىدى، شۇڭا دۇجۇرنىلىك بولۇۋاتقان دوختۇرغا چىقتى-دە، ئۆزى تۇرۇشلۇق قىسىم ماشىنا ليەنگە تېلېفون سوقۇپ، ئومۇمى ئەھۋالنى قىسقىچە تونۇشتۇردى، ئاندىن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا تېلېفوننى ئۇلىدى...

× ×

قاسىم دوختۇر ۋە گاۋچاڭجاڭ، ماشىنا ليەنىنىڭ بىر قىسىم كوماندىر-جەڭچىلىرى قاۋۇلنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللانغان ھالدا بىر-بىرىگە بېقىشتى.

— قانداق يولداش، ئۆزىڭىزنى ياخشى سېزىۋاتامسىز؟

---

① يۇرتداش، نېمە بولدى، ھادىسە يۈز بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟

قاۋۇل مىننەتدارلىق كوزى بىلەن ئوز ئەتراپىدىكى بەشيولتۇزلۇق شەپكە كەيگەن قېرىنداشلىرىغا تەكشى قاراپ چىقتى. تۇساتتىن ئېسىگە كەلگەن ئات-ھارۋىسى ئۇستىدىكى مال ئۇنى سەل خاتىرجەمسىزلەندۇردى بولغاي، «ئاتلار؟... بولاكچى؟...» دېگىنىچە توختاپ قالدى.



—خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتلىرىڭىز ئوقۇرىدا بوغۇز يەۋاتىدۇ، ھارۋىدىكى ماللار كوپراتىپ ئامبىرىغا ساق-سالامەت تاپشۇرۇلدى،—دېدى ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى، ئاندىن «ھەمرالىرىڭىز ئاللىقاچان قانۇن تورىغا چۈشتى» دەپ قوشۇپ قويىدى چاقچاق قىلىپ.

× ×

كىتاپخان، مەن سىزگە سوزلەپ بەرمەكچى بولغان ھىكايىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرماقچى. ئېھتىمال سىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ھامان ئوزىنىڭكى قېرىندىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش يولىدا بەس-بەس بىلەن قان تەقدىم قىلغانلىقىنى؛ قاۋۇلنىڭ بەدىنىگە قايتا ھارارەت پەيدا قىلغان، 2-قېتىم جان بەرگەن قاننىڭ خەنزۇ جەڭچىلەرنىڭ قېنى ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي سوزلىمەكچىمىزغۇ؟ ج خ جەڭچىلىرىنىڭ تولۇق بىر كېچە-كۇندۈز جاپالىق رازۋېدكا قىلىشى، ئىز قوغلىشى جەريانىدا تارتقان رىيازەتلىرى، زىيانداشلارنىڭ قانداق ئۇسۇلدا قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭىزغۇ؟... دەپ سوئال قويۇشىڭىز مۇمكىن.

مەن شۇنداقمۇ ئويلىغانىدىم، ئەمما، بۇ توغرىسىدا يازماسلىقنى توغرا تاپتىم. چېگرا رايونىمىزنى قوغداش، گۈللەندۈرۈش يولىدا پەرزەنت قوشۇنلارىمىز مىڭلىغان، مىليونلىغان قاۋۇللارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان، ئوزلىرىنىڭ ساپ قانلىرى بەدىنىگە كىرگۈزۈلگەن مىڭلىغان قاۋۇللارغا قايتا جان بەخش ئەتكەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنى يېزىپ، سوزلەپ توگەتكىلى بولار؟...

خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، قانۇننىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش يولىدا ھەر كېچە-ھەر كۈندۈز بىرىنچى سەپتە كۆرەش قىلىۋاتقان ج خ خادىملىرىنىڭ قايسى بىر توھپىلىرىنى ئېغىزدا سوزلەپ، قەلەمدە كۆيلەپ تۈگەتكىلى بولار؟...

شۇڭا مەن بۇ ھەقتە كوپ توختالماسلىق قارارىغا كەلدىم، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز، بىزنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىكى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە ھەر سائەت ھەر مىنۇتتا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى، كوللېكتىپ مۈلكى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرالايدىغان قاۋۇلغا ئوخشاش شەخسىيەتسىز، نامسىز قەھرىمانلار، شۇنداقلا، ئوزىنىڭ خاتا ماڭغان يولىدىن يېنىپ، ئەسكىلىكلەردىن قول ئۈزۈپ ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇۋاتقان خېلى كوپ مېجىت ۋە مەتنىيازلار بارلىققا كەلمەكتە.

مانا بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەن ئەشۇ دەۋر ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە قەلەم تەۋرەتتىم، خالاس!، ئەمما، بۇ يازغانلىرىم تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يارىتىلغان ۋەقە ئەمەس، مۇشۇ نوقتىدىن ئالغاندا بۇ ھىكايەمنى ئوچېرك دېسىڭىزمۇ بولىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سېنى سۆيمەك- مېنىڭ بەختىم

(قەسىدە)

ئابدۇرېھىم ئىسمائىل

دىيارىم، ئەي ئېزىز جۇڭخوا، ساڭا جانىم پىدا بولسۇن،
مۇقەددەس تۇپرىقىڭ-خاكىڭ كۆزۈمگە تۇتىيا بولسۇن،
ماڭا سەندەك سۆيۈملۈك ئەل تېپىلماس ئۇشبۇ ئالەمدە،
ئىناۋەت-ئابرويىڭ ئۈستۈن ۋە قەدرىڭ ئەتىۋا بولسۇن،
ھىمايىلەيمەن سېنىڭ بىرلە ئۆزەمنى بەختىيار شۇنچە،
بۇنىڭدىن غەيرى بەخت- دۆلەت مېنىڭچۇن نە راۋا بولسۇن؟
تېگىشمەيمەن پەرىدۇن تەختىگە پۇخرالىغىمنى ھېچ،
بۇنى يالغان دىگەن بولسام جېنىمغا مىڭ جازا بولسۇن!
گۈزەل باغرىڭ كۆڭۈل يايرايدىغان راھەت ماكانىمدۇر،
ئۆزەڭ جەننەت تۇرۇپ، جەننەت تەلەپ قىلسام گۇنا بولسۇن.
سېنىڭ قوينۇڭدا ئۆسكەن بىر شىۋاقىمۇ مەن ئۈچۈن ئەلتۈز،
ئۇنى گۈلدىن تۆۋەن كۆرسەم كۆزۈم كور-نابىنا بولسۇن.
تەڭ ئەتمەيمەن گويا ئاتكا للىسىدەك زەرگە چالماقنى،
بۇ سۆيگۈم ساندۇغىدا ھەر تېشىڭ دۇر-يۆر باھا بولسۇن.
ھوزۇر يامرار ۋۇجۇدۇمغا سۈيىڭدىن بىر ئۇتۇم ئىچسەم،
ئۇنىڭ ئالدىدا كەۋسەرنى لەزىز كۆرسەم خاتا بولسۇن.
ھاۋايىڭدىن كېلۇر بۇيى مىسالى مۇشكى- ئەنبەرنىڭ،
ئۇ، ھەرقانداق تۈزەلمەس دەرت، كېسەللەرگە داۋا بولسۇن.
تاپارمەن رۇستېمى داستان كۈچىنى بۇردا نانىڭدىن،
يەمەم ئاددى غۇرالىنى ئۇ، ماڭا ئالى غىزا بولسۇن.
خوشالىمەن، ئېپتىخارلىق مەن ساڭا پەرزەندە بولغانغا،
جۇدا بولسام مىنۇت سەندىن چىرايىم قەھرىۋا بولسۇن.
ئېرور قوينىڭدا ئۆتكەن ھەر كۈنۈمنىڭ ۋەزنى مىڭ يىلدەك،
دىلىمدا خوشلۇغۇم چەكسىزلىگى خۇددى سەما بولسۇن.

ساڭا مېنىڭ كۆز تىكىپ باقسامۇ تويمايمەن يانا ھەرگىز،
كىمدىكى مېھرىڭسىز باقسا يۈزۈڭگە بى ھايا بولسۇن.
پۈتۈن ئىشقىمنى- ئەقلىمنى پەقەتلا سەن ئۈچۈن بەردىم،
زوۋانىمدا ئۇلۇغ نامىڭ داۋام ھەمدۇ-سانا بولسۇن.
ياشاي سەن ئۈچۈن، ئۆلەي سەن ئۈچۈن بولۇپ ئەمرىڭگە پەرۋانە،
كى ھەر ئىش- مەشغۇلاتىمدا يوقۇ-بارىم ۋاپا بولسۇن.
تۆكەي ئەجرىمنى-تەرىمنى كۆيۈڭدا قەھرىمانلارچە،
يارىتقان كەشپىيات-تۆھپەم راۋاجىڭغا ئاتا بولسۇن.
رىزا بولساڭ مېنىڭدىن چىن يۈرەكتە ئارمىنىم قالماس،
مەگەر ياتسامۇ گۆردە ئۆلگىنىم ئەپسانە-جا بولسۇن.
سېنى كۆيلەپ كېچە-كۈندۈز ئاجايىپ زوق-شەۋق بەرلە،
يېقىملىق، خۇش ناۋا ئەيلەي، تىلىم بۇلبۇل گويا بولسۇن.

## ئىككى شېئىر

ئابدۇللا كېرىم

### ئاناۋەتەن — جۇڭخۇا ئېلىم

ئاناۋەتەن — جۇڭخۇا ئېلىم،
چىن يۈرەكتىن سۆيگەن يېرىم.
ساڭا شۇنداق ۋەدە قىلاي:
سېنىڭ ئۈچۈن پىدا جېنىم.
ئاناۋەتەن — جۇڭخۇا ئېلىم،
ساڭا سادىق مېنىڭ قەلبىم.
پارتىيەڭگە زىچ ئەگىشىپ،
سېنى قوغداش مېنىڭ قەرزىم.

ئانا ۋەتەن — جۇڭخۇا ئېلىم،
سېنى كۆيلەپ سايرار تىلىم.
ئۆمرۈم بويى سېنىڭ ئۈچۈن،
قىلسام ئەجرى مېنىڭ بەختىم.
ئاناۋەتەن — جۇڭخۇا ئېلىم،
ساڭا چىندىن كۆيەر دىلىم.
ساڭا ئەگەر بولسام ئاسى،
ئۆتتا كۆيسۇن مېنىڭ تېنىم.

### جاۋابىم

كۆڭۈل بولغاي جىمى ئالەم ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق.
ۋەتەن دەپ كۆپ بۇ جانىم خۇشالمەن ئاھۇ-زارىم يوق.
ۋەتەنسىز ياشىسام ھەركۈن ئازابى ئۆلۈمدىن تەس،
ۋەتەنگە قۇل، چاكار بولماق شەرەپتۇر، قىلچە ئارىم يوق.

ۋەتەن ئىشقىدا ياڭغانىڭ يۈزى يورۇق، قارا بولماس،
ۋەتەنچۈن كەربالا كەزسەم مېنىڭ قەرزىم ئادا بولماس،
دىلىمدە ئورنىدى مەھكەم ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا،
مەگەر ئوزگە ۋەتەن تۇتسام ماڭا ھەرگىز راۋا بولماس.

## ۋەتەنگە ئەھدىم

ئەيسا ياسىن

ئاتاپ جاننى ۋەتەن قوينۇڭدا ئىشلەي مەنمۇ بەسبەستە،
قىلاي تەقدىم ئەجىر-تەردىن ياساپ شەنىڭگە گۈلدەستە،
ئۈمىت بىلەن دېدىڭ: «ئوغلۇم، كورەش! باغرىمنى پاك ساقلا»
ئادا قىلغۇم بۇ بۇرچۇمنى سوزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ ئەستە.
يولۇڭدا جان پىدا قىلماقتىن ئارتۇق شان-شەرەپ بارمۇ،
ۋەتەن سىڭنى رىزا قىلسام جىنىم تەندىن چىكەتمەستە.
قىلالماي خىزمىتىڭنى گۈلباھارىم-ياشلىغىم پۈتتى،
يۈرەك زەرداپ بولۇپ ئاقتى ۋۈجۇدۇم تاپتى شكەستە.....
ئۇلۇغ كومپارتىيەم شۇ «4 مەرەز»نى ئەيلىگەچ تارمار،
ياشاردىم، ياشىندىم — ياشلىققا قايتتىم زوقى ھەۋەستە.
ۋەتەن، باغرىڭنى گۈلشەن ئەيلىمەك كوڭلۈمدە ئارماندۇر،
تىكەننى سۇپۇرۇپ تاشلاپ تىكىپ ئانارۇ-جىنەستە...
ۋەتەن، باغرىڭنى گۈللەشتەك ئۈمىت يالقۇنلىغاچ ھەردەم،
بۇ دەم سالدۇق يېڭىشتىن گۈل پايانداز شايى، ئەتلەستە.
ياشانسامۇ ۋەتەن دەپ كۈي توقۇشنى ئىختىيار ئەتتىم،
نە ئارمان ياۋغا ئوق قىلسام قەلەم ماغدۇرى كەتمەستە.

## شېئىرلار

ئەرشىدىن زاشىدىن

### قايتيولۇڭدىن بۇرادەر

تونۇشتۇراي «دوستۇم»نى،
بىلىڭلار ئەيخالايىق.
«توھپە» سىدىن مىنىڭ ھەزەر،
قىلىڭلار ئەيخالايىق.

سىلىق ئالار قەدەمنى،
(يەرنى ئاسراش كېرەك-تە!)
تىلى قايماق، (بىلمىدىم
نەسىرباردۇر يۈرەكتە؟)

سۆزلەر دائىم بىر زامان،
بىزار قىلغان «كۆرەش» تىن؛
ئىتتىپاق ھەم تېچ بولۇپ،
ئىدارىنى تۈزەشتىن.

قاراشلىرى سىپايە،
كۆلكە ھەمرا يۈزىگە.
ئىشەنمەسكەنە ھەققىڭ،
ئۇنىڭ «ئۇچلۇق سۆزى» گە؟

بىراق باشقا زەڭسىلىپ،
قىلغان ھەر بىر ئىشىغا .
ئوخشىمايدۇ زادىلا،
ئۇنىڭ ئىچى تېشىغا :

مەندىن ئېلىپ «ئۇرۇق» گەپ،
ساڭا «بورداپ» سالىدۇ.

گەپ ئالالماي بەزىدە،
بېشى شۇنچە قاتىدۇ.

قولىدا بار چوڭ ناسۇس،
يەلنى سالار كەسپى بار.
خەقنى سېلىپ ماجراغا،
مۈكۈپ ئالار - قەستى بار.

بۇ كەسپىدىن ئاغىنەم،
نەپ - نە سۈۋە ئالغاندۇ .
بۇ كەمگىچە شۇ كىمۇ،
قول ئۈزەلمەي قالغاندۇ.

قايت يولۇڭدىن بۇرادەر،
مىڭ مۇۋاتقان يولۇڭ تار.
چاۋاڭچىتقا يېپىلسا،
بولماي يەنە خەستىن خار.

## دوستۇمغا

شېئىر يازماق ئىستەكى بىلەن،
سۆز كانىنى مىلىڭ مەررە كېزىپ؛
قېزىپ ئۇندىن دۇررى- گۆھەرنى،
ئۇلتۇراتتىم مىسرالار تىزىپ؛

كىرىپ كەلدىڭ مەغرۇر تاراقلاپ،
خىيالىمنىڭ ئۈزۈلدى يىپى.
سۆزلەپ كەتتىڭ، ئەمما يەنە شۇ—
ئولتۇرۇشنىڭ، تانسىنىڭ گېپى.

پىسەڭدە كۆلدۈڭ ئۈزەڭچە،
قويۇق قاراچېچىڭنى تاراپ.
كۆڭلۈڭ ئىمىن تاپتى ئېھتىمال،
سولتىدىڭكە ئەينەكتىن قاراپ...

دېدىڭ ماڭا : «ئازلا پىتۇ چېچىڭ،
چۈچۈج كەتتىم قاراپ بېشىڭغا .
سانچىغىنى ئىمىسى ئاقىنىڭ،
يەتمەي تۇرۇپ تېخى يېشىڭغا ؟»

چۈشۈنەمەن قەلبىڭنى دوستۇم،
چۈشۈنەمەن كۆيۈنگىنىڭنى.
چۈشەنمەيمەن ۋەلېكىن ھەرگىز،
چاچلىرىڭدىن سۆيۈنگىنىڭنى.

بىلمىسەڭ ئۇلىدۇ ئادەم،
چاچمۇ گورگە بىللە كۆمۈلەر:
مۇۋە بەرمەي ئۆتسە ھاياتىڭ،
ئەۋلادىڭغا قالار نېمىلەر؟

## گۈلنى سۆيسەڭ...

گۈل ئاشىقى دەيدۇ بۇلبۇلنى،
ئۇنىڭ گۈلگە خوشتارلىقى راس.
گۈل ئىشقىدا كۆيۈپ سايرىماق،
ئەجدادىدىن ئۇنىڭغا مىراس.

ئىزھار قىلىپ گۈلگە مېھرىنى،
سايرار بۇلبۇل گۈلشەنلەردە دائىرا.
دەرس بېرىدۇ سۆيگۈ - ۋاپادىن،
ئاشىقلارنى قىلىپ مەھلىيا .

بىراق باغۋەن، تۆكمەي ھالال تەر،
ئاچقاي قانداق باغلار، گۈلجامال؟
سولسا گۈللەر تاپماي پەرۋىش،
بۇلبۇلدا بار ئۇڭا نە ئامال؟

شۇڭا گۈلنۇ كورمەيدۇ راۋا،
ئوزدىگىلا كۆيۈپ ئۆتكەننى.
گۈلنى سۆيسەڭ، سۆي چەۋەر باغۋەنــ
گۈلگە ھايات بەخش ئەتكەننى.

## ئۆزەمگە

سەندىكى غەيرەت شىجائەتلەر قېنى؟
نە ئۈچۈن ئۇچمايدۇ ئىلھام كەپتەرى.
قالدى ئاق نىچۈن ئىجاد دىلىڭدە پەتىرى،
سەندىكى شېئرىي خىيالەتلەر قېنى؟

بىل بۇ كۈن بەرمەككە مەجبۇرسەن جاۋاپ،
تۇرما تىلچايناپ كى ۋىجدان ئالدىدا.
كەس ھوزۇر ئىللۇق يىلتىزىنى پالتىدا.
چۈش ئىجادنىڭ بەيگىسىگە، ئالغا چاپ!

## شېئرىيەت ھەققىدە

گوەن يوگخې:

شېئىر قانچە قاملاشسا شۇنچە گۈزەل بولىدۇ، مەن ئېيتقان شېئىرى گۈزەللىك تاشقى جەھەت بىلەن ئىچكى جەھەت، ئابستىراكتلىق بىلەن كونكىرتلىق ئوزئارا بىرلەشكەن گۈزەللىكتىن ئىبارەت؛ شۇندا قىلا گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە گۈزەلشەيئىلەرنىڭ گۈزەل كىشىلىك ھەياتى، كىشىلىك تەبىئىتى، قەلبى بىلەن بىرگەۋدىگە ئايلانغان گۈزەللىكتۇر. شېئىردا ئەگەر ئوبىكتىپ گۈزەل تۇرمۇش ئوبرازىنى تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلمىساي، سۇبىكتىپ ئىدىئولوگىيە، ئاڭ ئىستەكلەرنى ئىپادىلەش ھەدەپ تەكىتلىنىۋىرىدىغان بولسا، ئاساسلىق مەزمۇنى قۇرۇق، كورۇنۇشى سەت بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىلەر ئۇنداق دەپ تونۇمايدۇ، بەلكى: شېئىردىكەن ھېسسىيات بىلەن روھنىڭ مەھسۇلى، دەپلا ئېيتىدۇ. ئۇنداق پىكىرنىڭ يېرىمىلا توغرا ئېيتقان. شېئىر ئەسلىدە رېئال تۇرمۇش گۈزەللىكى بىلەن شائىرنىڭ ئالىجاناپ قەلبى گۈزەللىكىنىڭ تەبىئىي بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان جەۋھەر بولۇشى كېرەك. ئۇكىشىلەرگە ئىلھام ئىدىيىۋى ئىلھام بېرىشى، ياكى تۇرمۇشنىڭ چىن مەنىسىنى يېشىپ بېرىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شېئىرنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيەنەكىشىنى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلالايدىغان ۋەگۈزەللىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. مانا بۇلار بولسا ئۇنىڭ پەلسەپە لېكسىيىسى، سىياسىي ماقالە، قىلمەتۇن ۋەنەسرى قاتارلىقلاردىن پەرقلىنىدىغان ھەممىدىن چوڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى

# شېئىرلار

ئابدۇرېھىم ئىلى

## قاشتېشى ماكانى تاپماقتا كامال

خوتەن مۇلكى كى جەننەتتىن نىشاندۇر.
— ناۋايى

قاشتېشى ماكانى جەننەتتىن مىسال،
نەۋباھار يۈز ئېچىپ كۆرۈندى بۇ ھال.
ھەر چىراي ئىلكىدە شاتلىق كۈلكىسى،
تاپقاچقا بارچە جان جانىدىن ۋىسال.

كۆز ئېچىپ ھەريان باق ئەقلىڭ بولۇر لال.
شۇھامان ئويلايسەن شېرىن بىر خىيال:
دىل سۆيگەن دىلبىرىم بىلەن شۇ دەمدە،
قوينىغا ئالسىكەن ئەشۇ مەجنۇنتال.

باھارنىڭ ئاپتىۋى قىلىندۇ يال-يال،
چاڭقاق سۆلىرى ناۋات بىلەن بال.
مەيلى سەن تۇغۇلدۇڭ قايسى ماكاندا،
دەيسەنكى ئۆزەڭگە: بۇ دىياردا قال.

قاشتېشى لازىمدۇر، دەرياغا قول سال،
بولدى قىل ھايالىمىز سۇدىن قولۇڭ ئال.
كۆزلىرىڭچا قىنايدۇ ئاي-ھاي، قولۇڭدا —
قاشتېشى پارقىراپ، بولىسەن خۇشال.

ئۇ يۈزدە ئاچسا گۈمۈ خالىغانچە پال،
چىقىپلا ئالۇرسەن بۇندىن ئېسىل مال.

تېپلار ئەتلەسۇ، شايى-ئەپەكنىڭ،
قىزىلى، قارىسى ھەممە سېرىق، ھال.

گىلەملەر ھۈسنىدىن خىجىلدۇر ھىلال،
ھەرگۈلى سەنەمنىڭ مەڭزىدىكى خال.
ۋەسپىگە تېپىلماس جاھاندىن تەڭداش،
ھەيرانلىق ئىلكىدە بولۇر ئەقلىڭ لال.

باغئارا ياپ-يېشىل ياشارغان نىھال،
ئوينىشار ياپراغى بىلەن شوخ شامال.
بۇلبۇللار ئىشقىدىن گۈللەر قىزارغان،
خالىساڭ سەيلە قىل بۇندا بىمالال.

سىغمايدۇ يايلاققا سانسىز چارۋا مال،
تاغلاردا ئوينايدۇ بۇغا ۋە مارال.
كەلمەكتە مەئىشەتلىك بەختىيار كۈنلەر،
سۆيگەچكە مېھنەتنى بارچە ئەر-ئايال.

پارتىيەم كۈچ بېرىپ، تېپىلىپ ئامال،
سەپەردىن زەپەرگە ئات سالغاچ دەرھال.
قاشتېشى ماكانى، يېپەك ۋادىسى،
مەڭزىدە قان بۈگۈن، تاپماقتا كامال.

## بۇلاق

خىيالىمدا توگە يېتىلەپ،
كارۋانكىلەر چۆلدە، لەۋى گەز.
تەشنالىقتىن قىينىلار جېنى،
تەقدىرىگە سۇرەپ قىلار ئەرز.

قارايدۇ ئۇ ھەريانغا بېقىپ،
ئىزدەم دەريا ئاقارمىكىن دەپ.
بەزەن كۆككە تىكەر كۆزىنى،
ھەق «رەھمىتى» ياغارمىكىن دەپ.

www.uyghurkitap.com



بىر اق ئۈمىت-ئۈمىت پېتىچە،
تەشنالىغى قىينايدۇ ئۇنى.
قانچە قىلسۇن تاپالمايدۇ ئۇ،
يەر-كۆكتىن بىر يۇتۇم سۇنى.
كىلەر كارۋان ئاخىرقى چەكتە،
چىدام بىلەن توگە يىتىلەپ.
ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ شۇنداق،
بىر توقايغا كەلدى كېچىلەپ.
كوردى ئۇندا زىلال بۇلاقنى،
كوردى شۇدەم ياشاردى جېنى.

ھايات قايتا كورسەتتى ۋىسال،
تومۇرىدا ئويىنىدى قېنى.
ئىچتى قېنىپ بۇلاق سۇيىدىن،
تىنىدە مادارسەزدى شۇھامان.
چىقتى ھاردۇق، كۆچلاندى قايتا،
يۇرۇپ كەتتى مەنزىلى تامان...
ئاشۇ كىچىك كوزلۇك بۇلاقتەك،
بۇلالسام ئۇخچۇپ توختىماس.
تەشنالىغى قانغان ھەركىشى،
ئىدى بەلكىم مېنى ئۇنتۇماس.

## مەكتەپ قەدرى

ساۋاقدىشىم تاۋچېنىڭ،
بوۋىسى خوشخوي ئادەم.
چاچلىرى ئاق، ئاڭلىسام-
جەڭچى ئىكەن پېشقەدەم.

ھازىر ئۇنىڭ يېشى چوڭ،
پېنسىيىگە چىقىشلىق.
(ئەلگە قاتقان تۆھپىسى
قەدرى-قىممەت تېپىشلىق)

ئوچۇق چىراي بۇ بوۋاي،
ئامراق، ئىجىل بىزلەرگە.
بىزمۇ خۇشتار ئەمەسمۇ،
ئەھمىيەتلىك سوزلەرگە.

x x

بىركۈنى ئۇ دەپ بەردى،
بىرھېكايە ئوتمۇشتىن.
ئوز بېشىدىن كەچۈرگەن،
مۇنداق ئىشتىن - كەچمىشتىن:

دىدى بوۋاي: سىلەردەك،
مەنمۇ بىر چاغ ياش ئىدىم.
مەھەللىدە بالىلار-
ئومىگىگە باش ئىدىم.

نوۋەتلىشىپ دۈشمەندىن،
كەنتىمىزنى ساقلايتتۇق.
ھوشيار تۇرۇپ، ئەل-يۇرتنىڭ،
ئۈمىدىنى ئاقلايتتۇق.

سىنىپىمىز بار ئىدى،
بۇتخانىنىڭ ئىچىدە.
ئوقۇيتتۇق بىز ئۇ يەردە،
كۈندۈزى، گاھ كېچىدە.

ياغدى بىركۈن مەلىگە،
ياپونلارنىڭ توپ ئوقى.
كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى،
ئوي، دەل-دەرەخ...بار يوقى.

بولدى ئەشۇ قېتىمدا،
ئېغىر زىيان-تالاپەت.
نەسىنىپ، نە ئورۇندۇق،
قالمىغانتى سالامەت.

ياسىۋالدۇق قايتىدىن،
بورا بىلەن بىر سىنىپ.
جوزا - بەندىڭ بولمىغاچ،
خەت يازاتتۇق تىزلىنىپ.

مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى،
دىققەت بىلەن ئاڭلايتتۇق.
ئۇ سوزلىگەن ساۋاقنى،
مىڭ ئاڭلىساق قانمايتتۇق.

شۇنداق قىلىپ ئارىلاپ،
ئوقۇۋالدۇق ئاز تولا.
كۆتمىگەندە بۇ يۇرتنى،
بېسىۋالدى ياپونلار...

بىر يىلى كۆز دۈشمەنلەر،
بېسىپ كىردى تۇيۇقسىز.
كىردى سىنىپ ئىچىگە،
دىدى: «چىقما بۇ يىرۇ قىسىز!

—كۆچىدا كىنى كوردۇڭمۇ،
پارتىزانلار قەيەردە؟
ئېيت! ئەگەردە ئېيتمىساڭ،
جېنىڭ قالغاي خەتەردە...»

بىزدىن جاۋاپ ئالالماي،
مىلتىغىنى بەتلىدى.
قىلىچىنى سۇغۇرۇپ،
بوينىمىزغا تەڭلىدى.

ئېيتتى شۇ چاغ مۇئەللىم:
—كىلمىشتىڭلار نىمىشقا؟
بىزدە ھېچبىر گۇنا يوق،
رۇخسەت يوقمۇ ئوقۇشقا.

بۇ باللار بىلمەيدۇ،
پارتىزانلار بار جاينى.
كىرەك بولسا ئىزدەڭلار،
ئورمانلىق تاغ، كەڭ ساينى...

يوغان قوساق بىلەن ئۇ،
شۇ يۈسۈندا سوزلەشتى.
بىراق نامەرت دۈشمەنلەر،
بىزدىن قۇسۇر ئىزلەشتى.

ئالدى مېنىڭ ياقامدىن،
كوتمەك بۇرۇت باشلىغى.
يالاقچىلار ھەممىنى،
ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

زورلۇق بىلەن قېينۇمدىن،
تارتىۋالدى كىتاپنى.

مىنىڭ كەز ئۆچتى ئەرۋايى،
كورۇپ ئوتلۇق خىتاپنى.

(ئېلىپ كەلگەن يەنەمەندىن،
بۇ كىتاپنى مۇئەللىم.
ئالار ئىدۇق ھەر كۈنى،
ئىنقىلاپتىن بىزتەلىم).

كوپتى چوڭى پوكاندەك،
كوزى جامدەك چەكچەيدى.
بىر ۋاقىراپ سەت بۇرنى،
تېخىمۇ سەت ماكچايدى.

بۇيرۇق قىلدى ھايداشقا،
مېنى دەرھال شىتاپقا.
چىڭ تۈگمىشتى مۇشتىمنى،
ساۋاقداشلار شۇتاپتا.

قان تامىمۇ كوزىدىن،
چىل بورىدىن قورقامدۇق.
جان كەتسىمۇ، دۈشمەنگە—
سىر دېمىزنى ئېيتامدۇق؟

«بىلمەيمەن» دەپ چىڭ تۇردۇم،
قاپىغىمنى ئاچمىدىم.
ئالدانمىدىم قەن-پۇلغا،
مىلتىغىدىن قاچمىدىم.

ئۈزۈپ مەندىن ئۈمىدتىنى،
«يۇۋاش» راقنى ئىشتمىدى.
كىچىك سەپداش شاۋلۇنى،
«يىقىن كەل!» دەپ قىستىمدى.

توققۇز ياشلىق شاۋلۇغا،
ئالداپ «ماما قەن» دىدى.
ئېيتساڭ ئەگەر راستىنى،
قويۇپ بېرەي مەن دىدى.

بوش كەلمىدى شاكىچىك،
ئاتتى قەننى يۈزىگە.
دەرغەزەپتىن قان تولدى،
جاللاتلارنىڭ كوزىگە.

دەل شۇچاغدا مۇئەللىم،
تەييارلاندى چېلىشقا.
قوغداپ بىزنى خەتەردىن،
جاننى قۇربان قىلىشقا.

-تارتقولۇڭنى ياۋۇزلار،
باللاردا كۈنا يوق.
كېچمەك بولسا ماڭا ئېيت،
مېنى ئاتقىن، قېنى ئوق! ...

كەلدى دۈشمەن غالجىرلاپ،
مۇئەللىمنىڭ قېشىغا.
بىر مۇش ئاتتى مۇئەللىم،
بۇرۇتلۇقنىڭ بېشىغا.

ئېلىپ كەتتى ئۇستازنى،
تۇتقۇن قىلىپ، باغلىشىپ،
قالدۇق «ئىسىت» دەپ ئامالسىز،
يۈرەكلەرنى داغلىشىپ.

بىردىن پۈتۈن كەنتنى،
ئېغىر قايغۇ قاپلىدى.
مۇئەللىمنى ئېتىشقا،
دۈشمەن ئېلان چاپلىدى...

پىچاق بىلەن تىلغاندەك،
ئېچىشتى ياش يۈرەكلەر.
باغۋەندىن ئايرىلىپ،
ئۇسسۇز قالدى كوچەتلەر.

شۇندىن كېيىن ھېچ ئىمكان،
تاپالمىدۇق ئوقۇشقا.
قورال ئېلىپ قوللارغا،
كەتتۇق جەڭگە-سوقۇشقا.

..........:..............

مانا بۈگۈن سىلەرگە،
مەكتەپ بىر باغ كەڭ كەتكەن. ا
يىغار شېرىن مېۋىلەر،
چاپا چەككەن-تەر تۆككەن.

قانچە بىلىم ئالساڭلار،
يوق سىلەرگە ھېچ توساق.
تەشنالىقنى قاندۇرار،
بىلىم پۈتمەس بىر بۇلاق.

زايە قىلماي پۇرسەتنى،
بولاقتىن سۇ ئىچىڭلار.
قانا تلىنىپ پەن بىلەن،
يۇلتۇزلارغا ئۇچۇڭلار...

x x

ئاڭلاپ ئىسسىل سوزلەرنى،
خىياللارغا تولدۇق بىز.
بوش كەتكۈزگەن ۋاقتقا،
ئەجەپ خىجىل بولدۇق بىز.

يەتتۇق ئويلاپ شۇندىلا،
بىز مەكتەپنىڭ قەدرىگە.
يوقكەن تەڭداش، مېھرىۋان،
ئۇستازلارنىڭ ئەجرىگە.

## بولمىسا

گۈلگە تولغا يمۇدىيا رىم غەمگۇزارىم بولمىسا،
كى رەقىب بولغا يمۇ يەكسان شەھسىۋارىم بولمىسا،
ئەگمىگەي ئەردى بېشىنى تاغ، دېڭىز تىلىسىملىرى،
تاغنى تالقان قىلغىدەك قۇۋۋەت- مادارىم بولمىسا.
گۈلنى كور، بۇلبۇلنى كورگىن، ئاڭلاخوش ئاۋازىنى.
قىلمىغاي بۇلبۇل ناۋا ۋاقتى باھارىم بولمىسا.
پۈركۈنۈپ گۈللەرگە ھەريان، تارقىدى خۇشبۇي بۇدەم،
بۇئىپارلىق كۈن قايا قتا، گۈلناھارىم بولمىسا.
غەمگۇزارىم، شەھسىۋارىم، تەن مادارىم پارتىيەم،
كويلىمەس ئەردى زىلالى، ئېپتىخارىم بولمىسا.

# سىيالكا «بالسى»



(ھېكايە)

مەمتىمىن ئابدۇۋېلى

---

هەسەن بوۋاينىڭ ئەمدىلا ئويقىغا ئېلىنگەن كۆزلىرى گويا يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك بىرخىل شىر-شىر ئاۋازنىڭ تەسىرى بىلەن ئېچىلىپ كەتتى. «نىمە ئاۋاز بـۇ؟» ئۇ، ئوڭدىسىغا ئورۇلۇپ خىيال سۈرگىنىچە كۆزلىرىنى تۇرۇسقا تىكىپ، زەڭ قويۇپ تىڭشىدى. بىراق، ئەمدى ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى بولسا كېرەك. ئۇ، يەنە كۆنگەن ئادىتى بويىچە ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتۇقا قۇلاق تەككۈزۈشى بىلەنلا ئەشۇ غەلىتە ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىدى.

—ھەرە، يەنىلا ياغاچ ھەرىدەۋاتىدۇ، —دىدى ھەسەن بوۋاي زەردىسى قاينىغان ھالدا يوتقاندىن بېشىنىڭ ئۈستىنى كۆتىرىپ، —گەپ ئاڭلىمايدىغان بەزۇلاق! شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇنۇگۈن زىيانغا ئۇچرىغان بىر قانچە جىڭ بۇغداي، تەنە، ئوقـلىرى بىلەن تولغان كۆزلەر، مەسخىرىلىك چىرايلار... خۇددى ئۇچۇشۇۋاتقان توزغاق تۇزۇندىلىرىدەك ئارقا- ئارقىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

×

باھار ئەتىگىنى. ئۇسپىسى تازا ئوزلىشىپ قالغان چوڭ بىر پارچە سالا ئېتىزدا يەنە بىر كۈنلۈك جۇشقۇن ھايات باشلاندى. دوۋە ئوغۇت بېسىلغان قاتار-قاتار ھارۋىلارغا چېقىۋېلىپ ئېيىتىلغان ناخشا ئاۋازلىرى، يەر شۇدگەرلەۋاتقان «تومۇر بوقىلار» نىڭ سايراشلىرى، خۇددى سازغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقان داپتەك كەتمەنلەرنىڭ گوپ-گوپلىرى ئېتىز ئۈستىنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

بىراق، 1-مەشغۇلات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بۇشات-خوراملىققا ئورتاق بولالمىدى. ئۇلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىش ئالدىدا 2-، 3-مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرى بىلەن سان-سۈپەتتە مۇسابىقە ئېلان قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇرۇپپا باشلىغى مەتسايىم يوغان گەپ قىلىپ، مەن سۈپەتكە تولۇق كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، باشقا 2 گۇرۇپپىدىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى 8 كۈن بۇرۇن تۈگىتىمەن، دەپ قويدى-دە! مانا تېرىلغۇ باشلىنىپ 2-كۈنى، يەنى ئولۇشكۈن 1- مەشغۇلات گۇرۇپپىسى ئىشلىتىۋاتقان بىردىن-بىر سىيالكىنىڭ ئورۇق تەڭشەش نوكچىسىنىڭ بىر رەزىمىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالدى، ئورۇقنى قولدا سېپىلىۋىدى، ھەم سۈپەتكە دەخلى يەتتى، ھەم خېلى تېز سىدىرىلغان بولسىمۇ

ئىـشـش ئـاۋۇمــدى. 2 ـ، 3 ـ گـۇ ـ
رۇپپىنىڭ ئەزالىرى بولسا، ئۇزىنىڭ غەيرە-
تىنى مەتسايىم ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا ئەتەي
كوز-كوز قىلىۋاتقاندەك بار ئاۋازى بىلەن هاي-
هۇي قىلىشماقتا. ئۇنى دىمەمسىمۇ، ئۇلار تېپ-
توغرا بىركۈنلۈك ئىشتا ئالدىغا ئوتۇۋال-
دى-دە!

مەتسايىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان-
دىن كېيىن، ئىش سۇرئىتىنىڭ بەك ئاستا كېتىـ
ۋاتقانلىقىغا قاراپ، تىت-تىتلىق ئىچىدە ئى-
گىز بىر قىرغا چىقىپ مەھەللە تەرەپكە قارىدى.
ئەمما، ئۇنىڭ ئىنتىزار كوزلىرى كۈتكەن ئا-
دەمنىڭ قارىسىنىمۇ كورەلمىدى.

— ئەستا، تېخىچە كەلمەيدىيا؟ — دېدى ئۇ،
بېشىنى قاشلاپ.

شۇچاغدا ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆ-
زىگە جەلپ قىلىپ بىر قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك ئا-
ۋازى جاراڭلىدى:

— قاراڭلار، ئەنە كەلدى! كېلىۋاتىدۇ!

ئەزالار گوررىدە قاشقا چىقىپ، ئالىملىك-
لەر قورۇسى تەرەپكە قارىدى. بىر يىگىت يې-
راقتىن شەكلى كىيىم تىكىش ماشىنىسىغا ئوخ-
شاۋراق كېتىدىغان بىر نەرسىنى كوتۇرۇپ كې-
لىۋاتاتتى.

بۇ — 1-مەشغۇلات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى
تۇرسۇن ئىدى. ئۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەك-
تەپنى پۈتتۈرگەن، كومپىتېرنىڭ ئاددىي سا-
ۋاتلىرىدىن خەۋىرى بار قىزغىن، جىگەرلىك
يىگىت ئىدى. ئۇ، دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا يا-
غاچچى مەمەتشا ئۇستامنىڭ ئويىگە بېرىۋېلىپ،
ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ ھونىرىگە
چەنسېلىپ يۈردى. مەمەتشا ئۇستامۇ ئۇنىڭ
چەۋەرقولى ۋە زېرەك كوزلىرىدىن رازى بو-
لۇپ، ئوزقوسىغىدا بارلىرىنى قىزغىنلىق بى-
لەن توكۇپ بەردى. ئاندىن مەھەللىدىكى تومۇر-
چى قاسىماخۇننىمۇ ئۇزىگە رام قىلىۋېلىپ،
بۇ ھونەرنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. شۇنداق قىلىپ
تېز ئارىدا تۇرسۇن 2-مەمەتشا، 2-قاسىماخۇن
بولۇپ قالدى...

ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەتىردى «5 لى بې-
كىتىپ، بىرلى مۇكاپاتلاش» ئىشلەپچىقىرىش
مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن،
ئۇ، 1-مەشغۇلات گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولدى.
ئۇنىڭ قەلبىدىكى قىزغىنلىق پۇرۇخلاپ
قايناۋاتقاندەك، ئۇنى كېچە-كۈندۈز جىم تۇرغۇز-
مايتتى. قانداق قىلىپ، گۇرۇپپىنىڭ ئىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلى-
رىنىڭ يېتىشمەسلىك ھالىتىنى ئوزگەر-
تىش...؟ ھەممىنى يولغا ئالغان بىلەن بول-
مايدۇ-دە! يەنە كېلىپ، يامان چاغدا سىيا-
سىنىڭ بۇزۇلغىنىنى؟ ئۇ، ئەنە شۇنداق بىر
خىل روھنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ھەيدەك-
چىلىكى ئاستىدا، كومپىتېرلىق ھەساپلاش ۋە
سەيالىكىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشلىرىدىن پايدى-
لىنىپ، يەرلىك ئورۇق سېلىش ماشىنىسىنى لا-
يىھەلەپ چىقتى ۋە قوراشتۇردى. ئۇنى بۇن-
دىن ئىلگىرى 2 قېتىم سىناق قىلىپ، ئورۇق سې-
لىپ باققان بولسىمۇ، نەتىجىسىز بولۇپ چىق-
تى. ئۇ نەگىداسېلىنغان ئورۇق خۇددى نودىن
سۇچۇشكەندەك كورۇلداپ چۇشۇپ، خالىغاندا
تەكشىگەلى بولمايتتى.

— ئىشلە، يەنە ئىشلە! ئۇمىت بار، بۇ قېتىم
جەزمەن نەتىجە چىقىرالايسەن!

— بۇ قېتىم مۇشۇنىڭدا نەتىجە ياراتالىساڭ،
بىز جەزمەن ئۇزۇپ كېتىمىز، شەرەپ ئاۋالسا-
ڭا، ئاندىن گۇرۇپپىمىزغا...

— ئەگەر بۇ نەرسەڭنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىساڭ
ئەكەل قولۇڭنى، يىل ئاخىرىدا ماڭا كېلىدى-
غان مۇكاپاتنى ئوز قولۇم بىلەن ساڭا تەق-
دىم قىلىمەن!

ئەزالار ئەنە شۇنداق دېيىشكەن ئىدى. بۇ
سوزلەر خۇددى زېھىن ئاچقۇچى دورىدەك،
ئۇنىڭ بارلىق نېرۋا ئالىيە تىلىرىنى جانلان-
دۇرۇۋەتتى. ئۇ، بۈگۈن بىركېچە ئۇخلىماي بۇ
ماشىنىنى يېڭى لايىھە بويىچە ئىشلەپ كەلگەن

ئىدى. ئەگەر بۇما شىنا نەتىجە بەرسە، باشقا[2] گۇرۇپپىغا تېزلا يېتىشتۈرۈلمىش شۇبھىسىز ئىدى. شۇڭا، ئەزالار ئۇنىڭ تېزراق كېلىشىنى شۇنچە كۈتەتتى.

ئەر-ئايال ھەممىسى يىغىلىشتى. بىرسى-بىرسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۈمىتكۆزلىرى بىلەن بېقىشاتتى. دورا ئارىلاشتۇرۇپ تاللانغان ئۇرۇقنى يېڭى-سىيالكىنىڭ ساندۇغىغا قاچىلاپ تاپىنى توغرىلىدى، تۇرسۇننىڭ دادىسى ھەسەن بوۋاي پەخىرلەنگەن ھالدا قامچىنى قولىغا ئالدى-دە، ھاۋا بوشلۇغىدا قاتتىق قارسىلداتتى.

—نېرى تۇرۇڭلار، نېرى،...يا، بىسمىللا، تىرىت!... چىلان تۇرۇق خېچىرئانچە كۆچىمەيلا سىيالكىنى لەرزانسىرەپ كەتتى.

—ھوي، بەلەن نەرسە بوپتۇ ئەمەسمۇ؟ قاراڭلار ئۇرۇقنىڭ چۈشۈۋاتقىنىنى!... بۇيەردىمۇ ھەرھالدا ئەپلىشىپتۇ كاساپەتنىڭ!...

—ئەگەر مۇشۇنداق مېڭىپ بەرسە بۈگۈن چۈشكىچىلا ئاۋۇلاردىن ئۆزۈپ كېتىمىدىغان بولدۇقتە!...

—تۇرسۇن— مېڭىشى بار نەرسە!...

دەل شۇچاغدا، ئېتىزنىڭ بويىدىن بىر ئايلىنىپ قاشقا كەلگەن «سىيالكا بالىسى» (ئەزالار بۇئەسۋاپنى شۇنداق دەپ ئاتىشىۋالغان ئىدى.) «تاراق» قىلدە قىلىپ، ئۇرۇق ساندۇغىنىڭ بىرتال شېلىنى تاشلاپ كەتتى. شالمىخلىنىپ بىرئازمېڭىشىغىلا كەپشەر تومۇر بىلەن قاپلانغان چىشلىق چاق ئىشلىمەي قويدى-دە، «قاراس» ئاۋازچىقىرىپ سىنىپ كەتتى. ھەسەن بوۋاي، ئېزۋاقتىدا خېچىرنى توختىتقان بولسىمۇ، [10] جىڭدىن ئارتۇق ئۇرۇق يۇمشاق توپىغا ئارىلىشىپ، يەردەچېچىلىپ ياتاتتى.

—نېمە بولدى؟

—نېمە بولاتتى؟ ئەشۇنداق بولدى. «[3]كۈن ئاتقان پاختا بىرچاپانغا يارىمىدى» دې-

گەندەك بولدى،—دېدى بىرياش تاپا قىلىپ.

—ھەي، بىزدىخان خەقكا ئالىمىزغا بېقىپ ئويلىشىمىزلا زىم-دە،— دېدى بىر ساقاللىق بوۋاي بېشىنى چايقاپ،— بىزنىڭ قولىمىزدىن كەتمەندىن ئۆزگە نېمە كېلەتتى؟

—ئەگەر تۇرسۇندەكلەر بۇنداق نەرسىلەرنى ئىجات قىلالىسا، دۇنيانى ئالىم بېسىپ كەتمەمتى،— دېدى ئاق بوك كىيىۋالغان بىرسى.

ھەممەيلەن بوشىشىپ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مەيۈسلۈك ئىچىدە ئۆزئىشلىرىغا كېتىشتى. ھەسەن بوۋاي قامچىنى تۇتقانچە تۇرۇپقالدى. ئۆزئۆغلىغا قىلىنغان بۇسۆزلەر ئۇنىڭ قۇۋۇرغىسىدىن تېشىپ، يۈرىكىنىڭ بېغىغا يەتكەن ئىدى. ئۇلارغا نېمەدېگۈلۈك؟ [3]قېتىم بولدى... مەدەت بەردى، ئۈمىتكۈتتى، يەنىلاشۇ...— ئاخىرى قوقاستەك بىرئاچچىق يۈرىكىدىن قوزغۇلۇپ مېڭىسىدىن ئۆتتى-دە، ئىككى لەۋى ئارىلىغىدا پارتلىدى:

—ماڭ، كەتمەننى قولۇڭغا ئال!

يەردەچېچىلىپ ياتقان ئۇرۇقنى تىرىۋاتقان تۇرسۇن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قىرىدىكى كەتمەننى قولىغا ئالدى...

... ...

—ئىشلە ئۇكام، ئىشلە، دادىل ئىشلەۋەر. دۇنيادا قانداق ئادەم بىرقېتىمدىلا چوڭ نەرسىلەرنى ئىجات قىلىپ چىققان؟

تۇرسۇن خامۇش ھالدا بۇ ئىلھاملاندۇرغۇچ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئارقىسىغا قارىدى، گەپ قىلىۋاتقىنى-دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدىكى ئىشچى پوسۇنىدا كىيىم كىيىۋالغان ناتونۇش بىركىشى ئىدى.

بۈگۈن چۈشكە يېقىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش كارخانىسىدىن بۇ دادۇيغا ئۈچ نەپەر تېخنىك خادىم كەلگەن بولۇپ، ئۇلار «مەنىۋي مە-

دىنىيەت يارىتىش ئىپى» پائالىيىتى داۋامىدا ئۆز لىگىدىن تەشكىللەنگەن «لېيفېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» نىڭ ئەزالىرى ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئىككى نەپەر ئەزاسى باشقا مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرىنىڭ تېرىلغۇ سايمانلىرىنى كوزدىن كوچۇرگىلى كەتكەن، بىر نەپىرى سېكرېتارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى بويىچە تۇرسۇننىڭ لايىھىلىگەن ئورۇق سېلىش ماشىنىسى- «سىيالكا باللىسى» نى كوزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن ئىدى.

—سېكرېتار، «سىيالكا باللىسى» نى ئۇچىنچى قېتىم ياساپ باقسامۇ ئەپلەشمىدى، تېرىلغۇ ۋاقتى ئوتۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى تۇرسۇن گۇناھكار قىياپەتتە.

—دېدىمغۇ، بىر قېتىمدىلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئاسان ئىش ئەمەسكەن، ئەگەر تېرىلغۇنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولسىمۇ ئىشلىگىدا مۇۋاپپىقىيەت قازىنالىساڭ شۇ چوڭ غەلىبە!

—قېنى ئۇكا، «سىيالكا باللىسى» دېگىنىڭنى ماڭا بىر كورسەتكىنە، چاتىغى نەدىكىن، كورۈپ باقايلى، — دېدى ھېلىقى ناتونۇش كىشى.

—راست، — دېدى سېكرېتار بىر نەرسىنى ئېسىگە كەلگەندەك، — «ئاغرىقنىڭ ساقايغۇسى كەلسە تېۋىپ ئوزى كەپتۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، مانا، ئۇستام ئوزى كورۈپ باقايلى دەۋاتىمدۇ، يۈر، تۇرسۇن، ھەممىمىز بىرلىكتە «سىيالكا باللىسى» نىڭ ئېيىۋىنى ئىزدەپ باقايلى.

ئۇچەيلەن تېگەننىڭ كەينىدە تاشلىنىپ ياتقان «سىيالكا باللىسى» نىڭ يېنىغا كەلدى. ناتونۇش ئۇستا «سىيالكا باللىسى» نى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇيان- بۇيانلىرىنى قاراشتۇرۇپ چىقتى، يانچۇغىدىن تومۇر ئولچىگۈچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قايسى بىر جايلىرىنى ئولچىدى، ئاندىن توش يانچۇغىدىكى كىچىككىنە دەپتىرىنى ئېلىپ بىر نىمىلەرنى خاتىرىلىۋالدى.

ئۇستا، تۇرسۇنغا قاراپ «يامان ئەمەس قوراشتۇرۇپتىكەنسىزغۇ» دېگەندەك قىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن:

—ئۇكا، ئەگەر خالىساڭ ئىككىمىز يەنە بىر قېتىم ئېتىشىپ كورمەيلىمۇ—ھە؟ «بالا» گىنى كوتەر، (ئۇچاقچاق قىلىپ «بالا» دېدى، ئەۋەتتە) ھونەرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭ ئىچ باغرىنى تىڭشاپ كورەيلى. كونىلاردا «ھەر دەرتنىڭ ئوز دېگەچۇشلۇق داۋاسى، ھەممە كېسەلنىڭ شىپاسى بار» دەيدىغان گەپ بار، — دېدى.

تۇرسۇن سەل-پەل تېڭىرقاپ تۇرغان بولسىمۇ، سېكرېتارنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئىشارەت قىلىشى بىلەن «سىيالكا باللىسى» نى كوتۇرۇپ ئۇستا بىلەن بىرگە ئاشىقىپ ماڭدى. ناتونۇش ئۇستا ئۇلارنى قوغلاپ-ئۇلارغا ياندىشىپ، بولۇپمۇ، تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

ئۇ، «سىيالكا باللىسى» نى كوتۇرۇپ يەلكىسىگە ئالدى-دە، ناتونۇش ئۇستىنى ئەگەشتۇرۇپ ئوي تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى...

★

ئۇلار تۇرسۇننىڭ ھوجرىسى ئالدىدا بىرتەرەپتىن ھېلىقى «سىيالكا باللىسى» نى كوزدىن كوچۇرگەچ، يەنە بىرتەرەپتىن قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى:

—ئۇستام، ماڭا تېرىلغۇ ماشىنىلىرىنى لايىھىلەش- ياساش ھەۋىسى خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغانىدى، بولۇپمۇ داۋۇ يېمىزدە مەھسۇلاتنى مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرىغا ھوددە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تېرىلغۇ سايمانلىرى يېتىشمەسلىكتەك زىددىيەت كېلىپ چىققاندىن كېيىن بۇ ھەۋەس تېخىمۇ كۈچەيدى. مەخسۇس تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇمىغان بولساممۇ، قانچە قىلسامۇ بۇ نەرسىنىڭ بىر يېرىدىن بولمىسا، يەنە بىر يېرىدىن چاتاق چىقىپ زادىلا ئەپلەشمەي قويىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئادەمنى يادىتىدىغان ھېلىقىدەك بەزىگەپلەر...

تۇرسۇن سوزىنى توساتتىن توختىتىۋالدى.

— ياق، — دېدى ئۇستا ئۆزىنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا، — ھەممىنى ئاڭلىدىم، بەزى بولداشلار ئىشنىڭ دەسلەۋىدە بەزى گەپلەرنى قىلىدۇ، ئەپلەشمەي قالسا ئېيىپلايدۇ، كېيىنچە، قاراپ تۇرۇڭ، ئۇكا، ئىشنىڭ نەتىجىلىك بولۇپ چىققاندا ئۇنداقلار خىجىللىقىدىن بېشىنى كۆتىرەلمەي قالىدۇ تېخى! نېمىدىن قورققۇلۇق؟ دادىل پىكىر يۈرگۈزۈشلە. ھەرقانداق ئىش بىر نۇۋەتتىلا ئەپلىشىپ بېرىۋەرمەيدۇ. «بالا»ڭنى قايتا ياساپ، بولەك سىناپ كۆرمەيمىزمۇ؟

ئۇستا، تۇرسۇنغا ئەنە شۇنداق تەسەللى بەرگەچ «سىيالكا بالىسى»نى يەنە بىر قېتىم تەپسىلى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى: چوگۈيدىغان يەرلىرىنى چوگۈدى، بوشۇتىدىغان يەرلىرىنى بوشاتتى، چىڭىتىدىغان جايلىرىنى چىڭىتتى، ئاندىن، چوڭ-كىچىك دېسكا، چاق، ئوقلىرىغىچە ئۆلچەپ كۆردى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇرۇق قاچىلىنىدىغان خاپان ئىچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

خاپان بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، خاپاننى بويلاپ ئۇزۇنىسىغا ئاتقۇزۇلغان ئوق ياغاچنىڭ ھەر بىر غېرىچ كەلگىدەك ئارىلىقىغا «+» بەلگىلىك پالاقمان بېكىتىلگەن ئىدى. بۇ پالاقمان — خاپان ئىچىدىكى بۇغداي ئۇرۇقىنى پەستىكى نوكەش تۇرۇبىغا ھەيدەپ بېرىش رولىنى ئوينايتتى. تۇرۇبا ئاغزىنىڭ پالاقمانغا دەللىگى تازا مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاقمان يا ئۇرۇق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچى زەنجىر ئارقىلىق «سىيالكا بالىسى»نىڭ چاقىغا ئۇلانغانلىقتىن، ئەگەر چاق ئايلانمىسا زەنجىر ماڭمايتتى-دە، ئوق چوگىلىمەي، نەتىجىدە پالاقماننىڭ ھەرىكىتى نورمالسىزلىشىپ، ئۇرۇق چۈشۈرۈشتە تەكشىسىزلىك يۈز بېرەتتى. بەك تېز مېڭىپ كەتكەندە بولسا زەنجىر تارتىشىپ چىشلىق چاقنى سۇندۇرۇۋېتەتتى.

ئۇستا «سىيالكا بالىسى»نى ئۇجۇر-بۇجۇر دىگىچە تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يوقارقى نۇقسانلىرىنى ھېس قىلدى.

— ئۇكا، — دېدى ئۇ، تۇرسۇنغا، — بۇجاڭۋانىڭ ھەممە كاجلىقى مۇشۇ ئۇرۇق خاپىنى ئىچىدىكى ئۇسكۈنىلەرنىڭ مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلماي قالغانلىقىدىن بولۋاتقاندەك قىلامدۇ-نېمە؟ قېنى ماۋۇ ئۇرۇق ھەيدىگۈچ پالاقماننى بار ئۇرۇق ياغاچنىڭ ئۇچىغا قاپلىقشاردىن بىرجۈپتىن بېكىتىپ كۆرەيلىچۇ.

ئۇستا ئىش سومكىسىدىن ئىككى جۈپ قاپلىقشار ئېلىپ ئوق ياغاچ جايلاشتۇرۇلغان ئورۇقچىغا مەھكەم جايلاشتۇردى. ئاندىن تۇرسۇن بىلەن بىرلىكتە نوكەش تۇرۇبا بېكىتىلگەن تاختاينى يەڭگۈشلەپ، ئاۋالقىسىدىن كىچىكرەك بولغان تۆشۈكچىلەرنى تېشىپ، تۇرۇبىنى بېكىتىپ مەھكەملىدى.

تۇرسۇن بۇ ناتونۇش ئۇستىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن تەكلىپلىرى، ماھىرۋە ئەپچىل قوللىرى، بىر تەرەپتىن مەسلىھەت كۆرسەتكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەشلىرى ئالدىدا ھەم ھەيران ھەم خۇشال بولۇپ، خۇددى كىچىك بالىلارچە كۈلۈمسىرەيتتى.

ئۇلار كەچلىك غىزاسىنى يەۋېلىشقا بىرەر سائەتتەك ۋاقىت سەرپ قىلىشقاندىن كېيىن يەنە ئىش باشلىۋېتىشتى...

ھەسەن بوۋاي چاچراپ دېگىدەك ئورنىدىن تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن يان ئۆيگە كىردى. بۇ ئوغلى تۇرسۇننىڭ يېتىپ-قوپىدىغان ھوجرىسى ئىدى. ئۆي ئىچى شۇنچىلىك قالايمىقان ئىدىكى، بىر كىشىلىك ياتاق يىغىپ قويۇلغان كارۋاتتىن باشقا ھەممە جاي ياغاچ كېسىندىلىرى، تۆمۈر-تەسەك، ئەسۋاب-ئۇسكۈنىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىردىيۇ خۇددى يەل قويۇۋەتكەن چاقتەك «لاسسىدە» بوشاپ قالدى. چۈنكى، ئۆيدە تۇرسۇن بىلەن بىللە يەنە ھېلىقى ناتونۇش ئۇستا ۋە ئۇنىڭ

ئىككى نەپەر شېرىكىمۇ بار ئىدى. ئۇلار شۇنچە قىزغىن ئىشلىمەكتە ئىدى.

ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى تۇرسۇن قاتارلىقلارنى قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇستا، ھەسەن بوۋاينىڭ ئەلپازىدىكى غەزەپ ۋە چىرايىدىكى نارازىلىق ئالامەتلىرىنى كۆردى، ئەمما ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قەستەنگە:

—ھوي، ھەسسىناخۇن، نېمە بولدى بۇ كېچىدە؟ ئوغۇللىرىڭنىڭ كارامىتىنى كۆرۈش ئىشتىياقى ئۇخلاتقۇزماپتۇ-دە؟! دېدى ئۇستام ھەسەن بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىنلىق بىلەن.

—كارامەتمىش! —ھەسەن بوۋاي قوسىغىدا مۆكۈۋاتقان ئاچچىغىنى تەستە بېسىپ، مەسخىرە بىلەن يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، تۇرسۇنغا تازا ئالىيىۋالدى.— يوغان گەپ قىلىپ يۈزچۈشۈرۈشنىلا بىلىدۇ. بۇ ئاق ساقىلىم بىلەن كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىپ يۈرىمەنمۇ ئەمدى؟...

—ھا، ھا، ھا... ئۇستام قاتتىق كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ھەسەن بوۋاينىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، —سىز بۇنداق ئوغلىڭىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسىڭىز، خاتا قىلغان بولمايسىز، ئەلۋەتتە. مەن 28 يىل مۇشۇ كەسىپنى ئىشلىدىم، راستىمنى ئېيتقاندا قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىلارنى دوراشلا بولدى. مەن تۇرسۇننىڭ ئىنتىلىشلىرىگە قاراپ ئۆمرۈمنى بىكار ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. يېڭى نەرسە كەشپ قىلىش ئاسان ئىشمۇ؟... ئۇ، قولىغا تۈنۈگۈن رەندە ئېلىپ، بۈگۈن مېڭىسىنى مۇشۇ ئىشلارغا يەتكۈزەلىدى، يەنە مەندەك 10 يىل مەخسۇس ئىشلىسە، تىرىشسا قانچىلىك ئىشلارنى قىلىۋېتەر-ھە؟ بىز قېرىلار ياشلارنىڭ پۇتىغا ئەمدى پۇتلىشىپ يۈرمەيلى...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تۇرسۇن سىيالكىنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئېيتتى.

—ماشىلا، قېنى، ئىككىلەن بۇ نەرسىنىڭ تۆمۈرىنى قايتا كۆرۈپ باقايلى، — ئۇستام دەرگۇمان بولۇپ تۇرغان ھەسەن بوۋاينىڭ قولىدىن تارتتى...

..................................

شەرق ئۇپۇقى ئوتقاشتەك قىزىرىپ، ئاستا-ئاستا قۇياش كۆتۈرۈلدى، تەكشى يېيىلغان قۇياش نۇرلىرى ئاستىدا، ياپ-يېشىل دەرەخ يوپۇرماقلىرى مەرۋايىتتەك يالتىراشقا باشلىدى...

مەتايىمنىڭ كۆڭلى ئۆز ئەزالىرىنىڭ كۆڭلىدىنمۇ بەك يايراپ كەتكەن. ئۇ، گويا نەچچە كۈنلۈك ئىچ پۇشۇغىنى بۈگۈن ئەتىگەندە چىقىرىپ بولغاندەك، ئاغزىدىن چاقچاق، يۈزىدىن كۈلكە كەتمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قامچىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، چىلان تۇرۇق خېچىرنى پىشقان ھارۋىكەشلەردەك ئەپچىللىك بىلەن ھەيدىمەكتە.

سېكرېتارمۇ بۈگۈن سەھەردىلا بۈگۈرۈ پېچىغا كېلىۋالغان ئىدى، چۈنكى، تۈنۈگۈن سىيالكىنى قايتا سىناق قىلىمىز، دېگەن ئىدى-دە! بۇ يېڭى نەرسىنىڭ كارامىتىنى كۆرمەي بولامتى؟ ئەنە، ئۇ بىرقانچە پىشقەدەم دېھقان بىلەن سىيالكىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۇرۇقنىڭ چۈشۈشىنى كۆزەتمەكتە.

ھەسەن بوۋاي يىراقراق بىر جايدا كۆزۈتۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا تېخىچە شۈبھە ئىس-تۈتەكلىرى لەيلىمەكتە، يۈرىكى جىددىي سوقماقتا.

—قېنى، مەن باشقۇرۇپ باقاي، —ئەتىگەندىن بېرى كۆزۈتۈپ تۇرغان، تۈنۈگۈن تۇرسۇنغا تاپا قىلغان ھېلىقى ئاق بۇرۇت يىگىت سىناش نەزەرى بىلەن رېچاگ باشقۇرىدىغان جايغا كەلدى. ئۇ، قايرىدىغان جايغا كەلگەندە رېچاگنى ئازراق بېسىۋىدى دېسكا يېنىك ھالدا ئىلگىكىدە كۆتۈرۈلدى، قېيىپ بولغاندىن كېيىن، رېچاگنى كۆتۈرۈپ قويغان ھامان يەنە دەل

جايىدىن ئۆرۈق چۈشۈشكە باشلىدى.

— سىلىنىڭچە، ئۆرۈقنىڭ چۈشۈشى قانداقراق؟ — دىدى ئۇستا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغان بىرقانچە دېھقانغا قاراپ.

— تازا مۇۋاپىق، — دىدى 50 ياشلاردىكى بىر دېھقان قولىدىكى توپىنى قېقىپ، — مېنىڭچە، بۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۆرۈق ئادەتتىكى سىيالكىغا ئوخشاش، بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ دىگۈدەك چۈشمەي چېچىلىۋراق چۈشىدىكەن، بۇنداقتا، ھەربىر تال باشاقنىڭ تولۇق دان ئېلىشىغا پايدىسى ناھايىتى چوڭ.

— ئۆزى يېنىك، باشقۇرۇش، ئوڭلاق سورەشكىمۇ بەك ئەپلىك ئىكەن، — دىدى مەتسايىم مەغرۇرلانغاندەك بىر قولى بىلەن بېلىنى تېيىنىپ، بىر قولى بىلەن قىسقا بۇرۇتلىرىنى ئىشىپ تۇرۇپ، شۇچاغدا گۆك بىلەن دەپتەرنى قولتۇقلاپ كورۈپپا بوغالتىرى يېتىپ كەلدى:

— مېنىڭچە، بۇ ئادەتتىكى سىيالكىغا قارىغاندا ئىشنى بەك ئاۋۇتىدىكەن، بۈگۈن ئەتىگەندىن ھازىرغىچە 18 مو 8 فۇڭ يەرگە ئۆرۈق سېلىنىپ بوپتۇ، تۈنۈگۈن بىر كۈن ئۆرۈق سالغىنىمىز ئاران 20 مو ئىدى.

مەتسايىمكا، مەن ئەمدى مۇشۇنى باشقۇراي، ئىككى كۈن ئىچىدە ئاۋۇ ئىككى كورۈپپىنىڭ ئالدىغا ئوتكۇزىۋېتىشقا ھوددە قىلاي، كارامەت نەرسە بوپتۇ، «سىيالكا بالىسى» ئەمەس، بەلكى راستىنلا بىر كەشپىيات!... — دىدى. سىيالكا باشقۇرىۋاتقان ھېلىقى ئاقبوك يىگىت بۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىر ھازا كۈلكە كوتىرىلدى. بۇ چاغدا ھەسەن بوۋاينىڭ ئاپ-ئاق ساقال باسقان، تولغان مەڭزىگە كۈلكە يۈگۈرگەن ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سىيالكا قېشىغا — ئوغلى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش-رېمونت قىلىش كارخانىسىدىن كەلگەن تېخنىك ئۇستىلار قېشىغا يېقىنلاپ قالغان ئىدى....

ئەزالارنىڭ ھاياجانلىق كۈلكىلىرى، تۇرسۇننىڭ خوشال ۋە مىننەتدارلىق بېغىشلىرى ئىچىدە «لېيفىڭدىن ئۆگىنىش گورۇپپىسى» دىكى تېخنىك ئۇستىلار «مەنىۋى مەدىنىيەت يارىتىش ئېيى» ئېچىلدۇرغان گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىنى بىپايان يېزا قوچاقلىرىغا تارقىتىپ ياندى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، نە تۇرسۇن، نە ھەسەن بوۋاي ئۇلارنىڭ ئىسمىنى، ئىشلەيدىغان سېخىنى قانچە سوراپمۇ بىلەۋالمىدى

تۇرسۇن لايىھىلەپ ياسىغان، ئۇستىلار ۋايىغا يەتكۈزگەن «سىيالكا بالىسى» شۇندىن تارتىپ، ئەزالار ئېغىزىدا بىر قىزىقارلىق، ئېپتىخار ھېكايىسىغا ئايلىنىپ قالدى.....

## شېرىيەت ھەققىدە

لياڭ شاۋچۈن: شېئىر دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭدا جان بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددىيلا ئەكس ئەتتۈرۈلمەسلىكى كېرەك.

گۈزەل-چىرايلىق گۈللەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس رەڭدە ئېچىلىدۇ، شۇڭا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا زىبالىقى بولىدۇ. مەن ھەممە گۈللەر ھوسۇن تالىشىپ ئېچىلىپ تۇرغان باھار مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە خۇشتارمەن. سايراپ-كۈيلەيدىغان قۇش-جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس ئاۋازى بىلەن سايرايدۇ، شۇڭا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە ناۋاسى بولىدۇ. مەن بارچە قۇش-جانىۋارلارنىڭ ئەنە شۇنداق بەس-بەستە سايرىشىنى ئاڭلاشقا خۇشتارمەن. شائىر بولغۇچى كىشى ئەنە شۇنداق بارچە گۈللەر، بارچە قۇشلارنىڭ سەھناسىدا ئۆزىنىڭ قانداق كۈيلەپ ناۋا قىلىشنى بىلىشى كېرەك.

ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى

# ئىككى شېئىر

مەممەتئىمىن قۇربان

## كىچىك تەمبۇرچىغا

ئۇن ئالتىدە ئىكەن يېشىڭىز،
ئۇسمۇركەنسىز بۇرۇت چىقمىغان.
ئەمما تەمبۇر چېلىشىڭىزدىن،
تاپالمىدىم قىلچىلىك نۇقسان.

سىڭىپ كەتسە سىم ساداسىغا،
ئەۋازىڭىز -يېقىملىق راۋان؛
سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشى،
دەيدۇ: «بۇندا باركەن ھۇسەنجان...»

زوقى بىلەن قارايدۇ سىزگە،
ئەرشتە تۇرۇپ ئامانىساخان....
مەڭسىتمەيتتىم بالىلارنى مەن،
بۇ پىكىرىمنى قىلدىڭىز ۋەيران.

چىن قەلبىمدىن قىلدىم شۇ تاپتا،
سىزگە شاگىرت بولۇشنى ئارمان.

كىچىك تۇرۇپ يېشىڭىز شۇنچە،
ھەممىمىزنى ئەتتىڭىز ھەيران.

ئوتتۇزلاردىن ئاشسا يېشىڭىز،
سىزگە قايىل بولغۇدەكجاھان.
ئۇقام شاگىرت ئاشپەزئىكەنسىز،
كۆنلەپ خېمىر يۇغۇرىدىغان.

كىمدۇ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزگە،
بۇ ئىشتىياق-ھەۋەسنى سالغان!؟
بارىكاللا! بارماقلىرىڭىز،
دەرت كۆرمىگۈن تىرىشچان ئوغلان!
سىزدەك جۇشقۇن ياش تەمبۇرچىغا،
تەشنا بىزنىڭ بەختىيار زامان!

## تۇخۇم

(بىر دېخاننىڭ تىلىدىن)

كەلتۈرۈلدى پۈششۈرۈلغان تۇخۇملار،
داستىخاننىغا -تەخسە بىلەن ئالدىمغا.
توقچىلىقنىڭ شاتلىقىغا ئەگىشىپ،
نامرات كۈنلەر كەلدى شۇدەم يادىمغا.

بىكار يۈرۈپ توغسا بىرنى مەكىيان،
بولاتتى ئۇ ئون بەش پۇڭغا سازاۋەر.

بولغان ئىدى ئىشلەسەممۇ كۈن بويى،
دارامىتىم بىر تۇخۇمغا باراۋەر.

چومۇچ ئېتەكچ ئۆزىمىزنىڭ قولىغا،
ئاشۇردۇق بىز مەھسۇلاتنى ھەسسىلەپ،
سوتسىيالىزىم دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ،
تۇخۇم يېسەك سانىمايلا تەخسىلەپ.



# خوتەن ھەققىدە ناخشىلار

## «يېڭى قاشتېشى» غا مەدھىيە

ئوبۇلھاشىم قاسىم

سەن ياراildىڭ توھپىكارلار ئەجرىدىن ئەي «قاشتېشى»،
خۇددى يالقۇن ئۇچقۇنىكەن ھەربىتىڭنىڭ چاقنىشى.
مەنمۇ ئىشىتكەن «قاشتېشى»دەپ، كورمىگەن بۇچاققىچە،
ھەق ئىكەن، كەتمەيتۇ ئارتۇق ھەركىشىنىڭ ماختىشى.
ھەرئۇقۇپ كوزلەرگە سۇرتتۇم، بەلكى قىلدىم دىلغا جا،
ساڭا يازغان مەدھىيە بۇ قەلپسوزۇمنىڭ قىستىشى.
سەن قەدىم«كارۋان بۇيۇك»تە ئۆز ئېچىلغان گۇل چىچەك،
يېڭىسارغا يەتتى ھەتتا ھىدلىرىڭنىڭ تارقىشى.
خۇددى ئىلچى ئەتلىسىدەك ھەر بىتىڭ بولغاچ گۇزەل،
زوق-ھوزۇر ئالغاي كىتاپنى ئوقۇغانچە ھەركىشى.
يۇرت-ۋەتەننى كويلە تىنماي، سايرا بۇلبۇلدەك ئۇماق،
بولكېيىنمۇ خۇددى شۇنداق پۇشتىمىزنىڭ دىلكىشى.
«قاشتېشى»، سەن قاشتېشىدەك كوزنى چاقنات نۇربىلەن،
كويلىگەي خۇشتار، كوپەيگەي ئەل ئىچىگە تارقىشى.

## ئىككى شىئر

ئاۋۇت ساۋۇت

### كورگۇم كېلۇر

خوتەن سېنىڭ نۇرچاقنىغان جامالىڭنى،
ئەڭگۇ سولماس گۇزەلكوركەم باھارىڭنى،
بەخت بىلەن قىزچاقلاشقان گۇلزارىڭنى،
مۇھەببەتلىك يۇرۇگۇمدىن كورگۇم كېلۇر.

گىلەمىڭنىڭ نۇسخىلىرى كوزچاقنىتار،
ھەرگۇللىرى دىلدا چەكسىز زوق قوزغىتار.
ھەركىم جەننەت ئەندازى دەپ بەك ماختىشار.
ئەشۇ سوزمۇ ئازلىق قىلار دېگۇم كېلۇر.

كېزىپ چىمەن باغلىرىڭنى، مەۋىلەرنى،
ئالما، شاپتۇل، ئانار، ياڭاق، بېھىلەرنى،
شېرىن-شەربەت، ياقۇت كەبى ئۈزۈملەرنى،
خالىغانچە ھۇزۇر قىلىپ يېگۈم كېلۇر.

ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاشنىڭ قوچاغىدىن،
ئەشۇ پۈتمەس مەرۋايىتنىڭ بۇلاغىدىن،
پەرھات كەبى ئاشىقانە ھىممەت بىلەن،
قايناملاردىن ھەردەم قاش تاش سۈزگۈم كېلۇر.

سەن ئەزەلدىن شان-شۆھرەتلىك داڭلىق ماكان،
ئوتكەن سەندە نى دانىشمەن جەسۇر پالۋان،
ئۇلار ماڭغان يولنى داۋام قىلىپ ھامان،
ئەل-ۋەتەنگە ياخشى ئىشلار قىلغۇم كېلۇر.

ياراسەتلىك كەڭ ئەمگەكچى خەلقىڭ بىلەن،
سىرداش بولۇپ ئىشچى-دېھقان، جەڭچىڭ بىلەن.
تا ئەبەتكە تەقدىرداش بوپ بەختىڭ بىلەن،
مېھنەت قىلىپ سېنى گۈللەپ ئوتكۈزۈم كېلۇر.

## يەرمېنىڭ ئانام

جاھانغا كۆز ئاچقاندىن بۇيان،
توپراق مېنى بېقىپ كەلمەكتە.
ئۆز قوينىدىن بېرىپ ئوزۇقلۇق،
تېنىمگە كۈچ قېتىپ كەلمەكتە.

يەردىن چىققان ئاشنى يەپ كۈندە،
ئوتمەكتىمەن ھۇزۇر راھەتتە.
تەمىنلەيدۇ مېنى يەر يەنە،
تۈرلۈك ئېسىل كىيىم-كېچەكتە.

ئانام مېنى تۇققان بولسىمۇ،
ئوزۇق بېرىپ يېتىشتۈردى يەر.
يەرنىڭ قىلغان ساپ ئەجرى بىلەن،
بولدۇم بۈگۈن ئوت يۈرەك بىر ئەر.

شۇڭلاشقا مەن ئۆزەمنى دائىم،
يەرنىڭ سادىق ئوغلى بىلىمەن.
يەر ئوغلىغا تالىق بۇرچۇمنى،
جاننى تىكىپ ئادا قىلىمەن.

دەيمەن تەكرار دىلدىن يەرمېنىڭ،
ئۆز ئانامدەك سۆيۈملۈك ئانام.
ھاياتىمنىڭ ئىپتىخار-پەخرى،
جان-جىگەر بىر ئومۇرلۈك ئانام.

# «يېڭى قاشتېشى» ۋە مەن

ھوشۇر ئابدۇللا

ئېخ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئارتتى،
ھەربىرىڭ قۇرىدا پارلىغان ئۈنچە.
سەن راستىن سۈپ-سۈزۈك، لەپمىس قاشتېشى،
سەندىكى خىسلەتلەر ئۆزگىچە شۇنچە.

چاقنايدۇ سېنىڭدە خوتەن يۇرتىنىڭ،
گىلەمدەك ئۈزۈرۈخسار-نۇرلۇق سىماسى.
ياڭرايدۇ سېنىڭدىن شۇ ئېزىز دىيار-
خەلقىنىڭ نەزمە-كۈي- يۈرەك ساداسى.

ياڭرايدۇ شۇ گۈزەل باغۇ- ئېرەمدە،
بەختىلىك قىز-يىگىت سۆيگۈ ئىزھارى.
ئاڭلايدۇر نىمەتكە تولۇق- باي ئاۋات،
يېزا يۇ- قىشلاقى، شەھىرى، بازارى.

كۆردىمەن سېنىڭدىن «يېڭى قاشتېشى»،
ئەمگەكچان باتۇر خەلق جاسارىتىنى.
كۆردۈمەن ئەتلەسۇ، گىلەم توقۇغان
ھونەر - كەسىپ ماھىرى - ماھارىتىنى.

كوردۇمەن سىنىڭدىن قويا شتەك ئايان،
قىرىنداش يۇرت ئەھلى ئەقلى ھۇشىنى،
قايىلمەن ساڭا چىن، قىلەپسەن جارى،
ئىجاتچى، كۆيىچىڭنىڭ زېھنى كۆچىنى.

مەن ئالدىم سىنىڭدىن كۆپ روھى ئۇزۇق،
قىلمىدىم ۋە لېكىن قىلچە قانائەت.
ئۇقۇدۇم قايتىلاپ زىرىكمىدىم ھېچ،
باغلىغاچ ساڭا پاك چوڭقۇر مۇھەببەت.

سىزدىمەن ئۆزەمنى شاتلىق ئىلكىدە،
ھەر يېڭى سانىڭنى **قولۇمغا** ئالسام.
ئارزۇيۇم ئىچىدە بىرسى شۇ ساڭا —
دائىملىق كىتاپخان، شاگىرت بوپ قالسام.

يېڭىسار

# گىلەم ھەققىدە مۇخەممەس

ئابدۇكېرىم مەخسۇت (بۇلبۇل)

قايسى ماھىر قول ساڭا بەردى پەردازنى گىلەم،
سەندىن ئالغانمۇ شەپەق رەڭنى، ئەندازنى گىلەم،
ئەيلىدىم سەندە تاماششا ھوسنى گۈل يازنى گىلەم،
كى ئانارگۈل خۇلقىدىن سەزدى دىل نازنى گىلەم،
شوھرىتىڭ بىرلە كوككۆل قىلدى پەرۋازنى گىلەم.

قايىنغان مەشرەپتە، تويدا، ئولتۇرۇپ ئۈستۈڭدە مەن،
كۆلھايات مېھرىگە قاندىم، گۈلچىمەن كوكسۈڭدە مەن،
تەلىيىم- بەختىمنى كوردۇم جىلۋىدار ھوسنۇڭدە مەن،
غۇنچىلار قىلسا تەبەسسۇم ئاقمەن سويگۈڭدە مەن،
كورگىنىمدەك ئىلچى قىزنىڭ كوزىدە نازنى گىلەم.

دىلنىشەيدا ئەيلىسە ئەمگەكچى ئەلنىڭ سەنئىتى،
سەنئىتىنىڭ ئۆزلىگى، باغى ئېرەم، دىل جەننىتى،
جەننىتىنى كىم ياراتقان ئەھلى خوتەن مېھنىتى،
خەلقارادا ئاشسا ئەل- يۇرت مېھنىتىنىڭ ھورمىتى،
مەن نىچۈن قىلماي غۇرۇر كوكدە پەرۋازنى، گىلەم.

لاپ دىمە، كەزدىم دىسەم گەرمەن جاھاننىڭ باغىنى،
ھەر يىپىڭ يەر ئەھلى جاھاننىڭ كوزىنىڭ ياغىنى،
نە پەرى تاپقاي جامالىڭدىن قۇسۇرنى، داغىنى،
سەزگىنى راستۇر كوڭۈلنىڭ سەندە باھار چاغىنى،
نەۋباھار ئالغانمۇ سەندىن نۇسخە- ئەندازنى گىلەم؟

ئۆتتى يىللار كارۋىنى قالمىدى ئەجدات تېنى،
ئۆستى قەبرى ئۈستىدە گۈل بولۇپ تۆككەن قېنى،
كەم ئىجات قىلغان قاچان، ئېيتقىنا نەدە سېنى؟!
بۇسۇئال بولغاچ جاۋاپسىز قىيىنغاي بىلمەك مېنى،
ئاڭلىسام دەيمەن سېنىڭدىن كۆيىنى- ئاۋازنى كىلەم.

يۈرۈگۈم يېرىلغىدەك بولدى چىققاندا سادا،
خۇددى بۇلبۇل گۈل ئىچىدە قىلغىنىدەك شوخناۋا،
سەن دېدىڭ: «ئىلچى-دىيارى سەجدىگاھ، پەخرىم ئانا،
مېنى ئالەمگە تاراتقان ئۆنداۋسكەن مەھەللىقا،
كۆزلىرىم كۆردى شۇدەم سەنئەتتە سەرۋازنى، گىلەم.

ھەريېرىم شۇمەھەللىقانىڭ يۇرتىغا رىشتى بولۇر،
ھەرگۈلۈم— جىسمىدىكى سۆۋۈماس ئىشقى يولۇر،
ئۆزلۈگۈم— ئىلچى قىزىنىڭ ئۆزلىگى، ھوسنى بولۇر،
سەجدىگاھىم — قاشتېشى قۇچىغى- كۆكسى بولۇر،...»
بۇسۆزۈڭدىن ئاڭلىدىم مەن خۇشناۋا سازنى گىلەم.

ئويلىدۇم ياتسا ئىجاتكار تېنىنى تۇپراق كۆمۈپ،
سەنئىتى تارىخ بىلەن ياشنايدىكەن چاقناپ كۈلۈپ،
ئارزۇلار كۆلسە چېچەكلەپ ھوسنىگە زەپمۇ تولۇپ،
ئۆلمىگەي مەڭگۈ ئىجاتكار ئەل بىلەن ھەمدەم بولۇپ،
تاپتى «بۇلبۇل» ئەمدى سەندە قىشى يوق يازنى گىلەم.

غۇلجا

## نەدە

تۇرسۇن نىياز

توكۇلمەي تەر، بىنا بولغان جاھاندا جەننىتىڭ نەدە؟
قۇرۇق ئەپسانىدىن تاپقان كارامەت خىسلىتىڭ نەدە؟
چىقىپ كەتتى تىرىشقانلار ساماغا ئەرشى ئەلاغا،
سېنىڭ يەر شارىدا قالغان سەۋەپچى قىسمىتىڭ نەدە؟

ئىجات-ئەمگەك ئىرۇر ئەسلى ھاياتنىڭ تۈۋرىگى بىلسەڭ،
ئىلىم-ھېكمەتكە ھۆل سالماي تۇرۇشقا قۇدرىتىڭ نەدە؟
ئىچىپ غەپلەت شارابىنى تېخى ناز ئۇيقىدا ياتساڭ،
جاھان «ئەۋزەل»لىرى ئىچرە، ئۇلۇغلۇق ھۆرمىتىڭ نەدە؟
بۈگۈن دەۋرىم-ئاتوم دەۋرى، ئىجات دەۋرى، كۈرەش دەۋرى،
ئۇنىڭ كېركەم باھارىسىز سۆيۈنگەن زىننىتىڭ نەدە؟
ئىلىم-پەندۇر جىمى ئىشنىڭ سىرىنى يەشكۈچى ئۇستاز،
ئاداققى پەللىگە يەتمەي قازانغان شۆھرىتىڭ نەدە؟
قېنى سەنمۇ بولۇپ شۇڭقار، ئىگىز ئاسماندا پەرۋاز قىل،
بۈگۈنكى ھور زاماندەك ئۇچۇشقا پۇرسىتىڭ نەدە؟
بىرەر ئىلھام ساڭا ھەرچاغ مەدەتكار پارتىيە، خەلقىم،
ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە غەمخان، يولەكچى رىغبىتىڭ نەدە؟

# خىسلەتلىك دىيار، قەدىمى دەريا

مەمتىلى سايىت

كۆپتىن قانچە ياش يېشىمگىمۇ شۇنچە،
مىڭ يىللار شاھىدى قەدىم دەرياسەن.
بوۋاققا سۈت بېرىپ باققان ئانىدەك،
يۇرتقا جان بەخش ئەتكەن ئەزىم دەرياسەن.

تارىخنىڭ قانچىلىك شۆھرىتىڭ شۇنچە،
قىسسەڭدۇر تارىخنىڭ نەقىش بېزىگى.
گۈزەللىك بابىدا ئىسىل نۇسقىسەن،
شائىر ئىلھامىنىڭ نەپىس چېچىگى.

سەن كارۋان مەنزىلى-تاۋاپ مەككىسى،
تىكىلگەن باغرىڭغا تىجارلار كۆزى.
قەپقالغان بويۇڭدا ئاپراپسىيابنىڭ-
تولپىرى چاپچىغان چاغدىكى ئىزى...

ئەي دەريا، سۆيىمەن ھاياتقا ھەۋەس-
ئويغاتقان قىسسەڭنى-نەزمە-كۈيۈڭنى.

سۆيىمەن جېنىمدەك، جانغا-جان قوشقان-
مۇقام-مەشرىپىڭ، بەزمە-تويۇڭنى.

سۆيىمەن رەڭگا-رەڭ كەشتە نەقىشتەك،
باغلىرىڭ، بوستانىڭ، ئۈزۈمزارىڭنى.
سۆيىمەن مېھرىۋان ئانا باغرىدەك،
پايانسىز ئېكىنزار، ئۈژمىزارىڭنى.

قەغىزىڭ، گىلىمىڭ، مەشۈت-يىپىگىڭ،
ئەجدادۇ-پۇشتۇمنىڭ كەشپ ئىپتىخارى.
ئىقلىمىڭ بىرجەننەت، ھاۋايىڭ خۇددى
سەن باققان كېيىكنىڭ خۇشبۇي ئىپارى.

سۆيىمەن مەن سېنى دەريا يۇرۇڭ-قاش،
مولچىلىق ئانىسى، زەر، قاشتاش كانى.
سۆيىمەن، كويلەيمەن، سېنى ئەي دىيار،
كۈرەشچان ئوغلۇڭنىڭ ئانا ماكانى.

# گۈزەل سانجۇ

تۇرسۇنئەمەت ھوسۇن

ئانا يۇرتۇم گۈزەل سانجۇ ئەزەلدىن نامى بار جايسەن،
مۇساپىر، ھاجى ساھىپ ھەم يېتىمچىگە پاناجايسەن،
بويىلىدىن ئۆتتى كۆپ كارۋان ئېتىمغا ئوت-بوغۇز بەردىڭ،
ئۆزىڭگە ئاش-ئوزۇق بەردىڭ ئېچىشكە قەن-ناۋات چاي، سەن.

يېپەك يولىغا كەلگەنلەر سېنىڭدىن تاپتى كۈچ-دەرمان،
ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدۇڭ پولو، مانتۇ، توقاچ شىرمان.
كېتىپ ھاردۇق، كېلىپ ماغدۇر يۈزىڭگە نۇر قونۇپ قايتا،
يۈرۈپ ئەركىن، قىلىپ سودا بىلۇشتى رازىمەن ھەر ئان.

بۈگۈن يۇرتۇم سېنىڭ نامىڭ جاماەت ئىچرە ئەپشاندۇر،
مېھماندوست پەزىلىتىڭ شوخ تىللاردا داستاندۇر.
بۈگۈن ھۆسنى جامالىڭدىن ئېلىپ دىلىمغا زوق ئىلھام،
سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيقاتماق يۈرەكىمدىكى ئارماندۇر.

ئەشۇ ئۇن يەتتە يىل ئىچرە ئېچىلغانتى سېنىڭ بەختىڭ،
يېتىلدى ئېنېرژىيەڭ، قالمىسا ۋاتسىز چارۋىچى خەختىن.
ھالال تەردە ياراتتىڭ كۆپ موجىزە ھەممىدە بايلىقنى،
قوساق تويدى، كادىلار مۇكەممەل كەيدى ئىسىل رەختىن.

ئاشلىقىڭ كانى بولدۇڭسەن كومۇلدۇڭ شانۇزەپەرگە،
يېزىلدى ھەر يىلى بىررەت شەرەپ تاختىسىغا-دەپتەرگە،
بېغىڭدا ئۆرۈك، شىدى مېۋە، تېغىڭدا ئاۋۇدى چارۋا،
چۆمۈلدى گۈزەل قويىنۇڭ ئىپار، مىشكىڭگە، ئەنبەرگە.

ۋەلەيكىن توتمەرەز، ئۈن يىل چىقاردى كۆندەمىلىگەۋغا،
بوغەۋغالار بالاسىدىن بولدى ئېشىمىز ئوغا.
«بازار ئاۋات، باھا مۇقىم» دېدى يالغان كۆلۈپ، ئالداپ،
كادىلىق قاپلىدى يۇرتنى (قوساق تويماي يىدىكەن پوغا.)

يوقاپ تېزىن قايتا يازكەلدى، بۇلۇتتار قالدى ئاسماندىن،
ئۇلۇغ كومپارتىيە بولغاچقا خالاس تاپتۇق زېمىستاندىن.
بۇلبۇللار ماكان تاپتى ياشارغان باغۇ-بوستاندىن،
بەخت، دۆلەت قۇشى قوندى بېشىمىزغا ئەمدى ھەريانىدىن.

بۈگۈن قوينۇڭ ئەجەپ ئۆزھەم مەئىشەتلىك بولۇپ كەتتى،
بۈرۈن نامرات دېگەنلەرنىڭ ئۆيى ۋەجگە تولۇپ كەتتى.
دېھقانبايلار مىنىپ دۈلدۈل بازارغا شات كىرىپ كەلسە،
ئېغىر چەنتازىنى كۆرۈپ دۇكانچى قىزىقۇلۇپ كەتتى.

باي بولغىن دېگەن پەرمان دېھقانغا نۇر-زىيا بولدى،
راسا ئىشلەش ئۈچۈن ھەركىم ئىشقا مەھلىيا بولدى.
روناق تاپماق ئۈچۈن بىزگە دەۋر بەرگەچكەك ئىمكان،
جەمئى ئەلنىڭ كۈچى بىرلە ئاۋات يېزا بىنا بولدى.

بازارىغا كىرىپ باقسام ئەجەپ تەملىك كاۋاپ، سامسۇ،
بۈرۈنقى زاغرىغا تەشنا بۈگۈن ساتماقتا ئاش-مانتۇ.
يەنە چامدامدا تىجارلار قىچقارماقتا خېرىدارنى،
دىدىم شۇچاغ دىلىم ياپراپ جاھاننىڭ كەڭلىگمىدۇر بۇ.


بۈگۈن كىردۇم ئەجەپ ئاۋات بولۇپتۇ سانجۇ-موغاللا،
ھالال تەردىن بەخت تېپىپ ئاۋاتچا يىناپتۇ دېھقانلار.
بۈرۈنقى چەت قاقاسچۆلدە بىنا بوپتۇ گۈلىستانلار،
كۆرۈپ بۇنى دىدى قەلبىم يېڭى دەۋرانغا ھەشقاللا.

كولىنىڭ ئىچىگە سىرتتىن ئاققۇزۇپ كىرگەن سۇدىن كۆرە، كولنىڭ ئىچىدىن كولاپ چىقارغان بۇلاق سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك، تېخىمۇ شىرىنىراق بولغاندەك، ئادەمنىڭ ئۆزى تىرىشىپ ئۆگەنگىنى باشقىلاردىن ئۆگەنگىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئادەمنىڭ روھى دۇنياسىدا پۈتمەس-تۈگىمەس بىلىم مەنبەئى بار، بۇنى ئەقلىي تەپەككۇر ۋە بەدىئى تەسەۋۋۇر، ئىشقى مۇھەببەت ۋە مەنىۋى زوق-ھوزۇر بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن.

— «ئېھيا ئۇلئۇلۇم غەززالى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇ خاتا قىلغىنىنى تونىدى



(ھېكايە)

ئابدۇللا غازى

ئاچچىق خىيالغا بەنت بولغان شەرۋانەم ئېرى ھاپىزئاخۇننىڭ نەدەرۋازىنى تاراقشىتىپ ئاچقىنىنى، نەئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىنى سەزمىگەن ئىدى.

—ئانا...ئانا! دادام كەلدى.

6 ياشلىق قىزى ئامىنەم ئانىسىنىڭ قولىنى بىر نەچچە قېتىم تارتقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇيقۇسى يېشىلگەن ئادەمدەك، خىيال يىپلىرىنى يىغدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا سوغۇققا توڭلىغانلىغىدىن تىترەۋاتقان، چارچاپ ھالىقالمىغان ھاپىزنى كۆرۈپ، ئۆچەي دەپ قالغان قوقاسىنى كۆلۈكغا تارتتى-دە، پاسار-پۇسقاتلارنى مورائوچاققا سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى.

ھاپىزئاخۇن ئارتۇقچە گەپ-سۆزگە تاۋى يوقتەك، مورائوچاقنىڭ ئوت پۇتى تەرەپكە ئۆتۈپ، قول-پۇتۋە مەيدىلىرىنى ئوتقا قاخلاشقا باشلىدى.

ھاپىز بىرئاز ئىسسىغاندىن كېيىن ئىما بىلەن يەيدىغان بىرنەرسە بارمۇ دېگەندەك قىلىپ قازان بېشىغا قارىدى. شەرۋانەم ھاپىزغا تەييارلاپ قويغان بىر قاچا تاماقنى دەستىخانغا قويدى. ئۇ ئىشتاھا بىلەن ئاشقا تۇتۇش قىلدى. شەرۋانەم بىرتۇرلۇك رەنجىش ئىچىدە ھاپىزغا قاراپ يەنە گەپ باشلىدى:

—مۇسۇلمان، — دېدى شەرۋانەم ھاپىزغا تىكىلىپ، — بىز بىر ئۆيگە كىرگىلى 15 يىل بولدى. ھازىر 6 بالىغا ئاتا-ئانا بولۇپ قالدۇق. پارتىيە بىزنى يولىغانسېرى ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتتۇق. بىزنىڭ مۇشۇ ئەھۋالدا قىلىشىمىزغا سېلىنىڭ ئىش تاپىمەن، پۇل تاپىمەن دەپ يۈرۈشۈڭلا سەۋەپ بولدى. لېكىن تاپقان پۇللۇڭلار بىزنىڭ ھالىمىزنى ئوڭشىيالمىدى. تونۇگۇنسىلە يوق، ئامانگۇل مەكتەپتىن يىغلاپ كەلدى. ئۇنى قاسىم ئاخۇننىڭ قىزى باھارگۇل دادىڭخەخنىڭ يۇندىسىنى يالاپجان باقىدۇ...دەپ بىر مۇنچە تىللاپتۇ. مەن بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازاپلاندىم، تالا-تۈزگىمۇ چىقالمىدىم...سىلە ئىزا تارتىشنىمۇ بىلمەيسىلە، ئويلاپ باقساڭلا بولمامدۇ، كۆنلۈككە ئىشلەپ باي بولغان ئادەم نەدە بارئىكەن؟ شەرۋانەم سۆزلىگەنسېرى چېچىلىشقا باشلىدى.

—خوتۇن، — دېدى ھاپىز تەئەددى بىلەن، — ماڭا ئۇنچىۋالا چۈشەندۈرۈپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. مەن بۇنداق تەشۋىقاتلارنى نەچچە

قېتىم ئاڭلىغان. ئەگەر ھەممە ئىش سىنىڭ دېگە-
نىڭدەك بولىدىغان بولسا كىشىلەر باشقا ئىش
قىلماي، دېخانچىلىققىلا قىلغان بولاتتى. سەن
كورمىدىڭمۇ، ئېتىزلىقنى كورمەي لەغمەن،
پولو يەۋاتقانلارنى؛ ھەممىنىڭ غوجىسى پۇل.
دېخانچىلىقنىڭ ۋاقتى كەلگەندە تېرىپ قويۇپ،
قالدى چاغلاردا پۇلغا ئىشلىسەم باشقىلار بىر
خامان ئالسا، مەن ئىككى خامان ئالالمامدىمەن!

ھايىزنۇز سوزىنىڭ شەرۋانەمگە قانداق
تەسىر قىلغانلىقىنى بىلەنمۇ ھەسا پىلىشىپ ئول-
تۇرمىدى. كۆڭلۈمىسىردىگىنىچە مەغرۇر
ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

× ×

قۇياش كوئىنلوننىڭ ئاقباش چوققىلىرى-
غا بېشىنى قويۇشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن چاغ
ئىدى. شەرۋانەم ئۆزئادىتى بويىچە ھويلا-
ئارامنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، كەچلىك تاماق-
قا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا دەرۋازا
ئالدىدا ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلان-
دى، شەرۋانەم ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەپ
چىققاندا ئەترەت باشلىقى ھايىزنىڭ نەگە
كەتكەنلىكىنى سوردى.

شەرۋانەم ئېرىنىڭ ئالمىجاننىڭ ئۆيىگە
ئوتتۇن يارغىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ئەترەت باشلىقى ھايىز-
نىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرمىغاندەك بېشىنى لىڭ-
شىتقاندىن كېيىن «بىر نەچچە كۈندىن بىرى
پۈتۈن ئەزالار ئوغۇت توشۇۋاتىدۇ. سىلەر
تېخى مىدىرلىمىدىڭلار، يېرىڭلارغا نىمە قو-
يۇپ تېرىسىلەر، ئالدىڭلاردا تۇرغان نانىنى-
مۇ تېپىپ يەلمەيۋاتىسىلەر. مەن سىلەرگە
پورسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسۇن، دەپ
ئالاھىدە ئېيتىپ قويغىلى كەلگەن ئىدىم،» دېدى.

— نا ھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى شەرۋا-
نەم خىجىللىق بىلەن، — بىزگەمۇ شۇنچىلىك
كۆيۈنگەنلىرىڭگە يۈزمىڭ رەخمەت. ئۇ دائىم
«كۆڭلۈككە ئىشلەپ پۇل تېپىپ باشقىلار بىر
خامان ئالسا، مەن ئىككى خامان ئالىمەن»
دەيدۇ. شۇنچە سوزلىسەممۇ گېپىمگە زادى
قۇلاق سالغىنى يوق. ئەمدى مەنمۇ ئۇنىڭ-
غا نىمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— كۆڭلۈككە ئىشلەپ ئىككى خامان ئالامدى-
كىنا؟ بىر خاماننى جايىدا ئالالىسىمۇ خېلى
ياخشى.

سوھبەت ئۇستىگە ھايىزمۇ يېتىپ كەلدى.
ئۇ قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئىگىز بويلۇق،
قاڭشالىق، قارامتۇل كەلگەن ئادەم بولۇپ،
ئالدىغا ئېڭىشىپ مېڭىشىدىن ۋاقتسىز قېرى-
لىق يەتكەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.

— ھايىزئاخۇن نىمىشقا ئوغۇت ئېلىپ
چىقمايسىلەر، — دېدى ئەترەت باشلىقى، — بۇگۈن-
تەڭلى ئوغۇتمۇ ئايىغىلىشىپ قالدۇ. ئوغۇت
بولمىسا يەرنى نىمە بىلەن تېرىسىلەر؟

— سوغاق بوشىغاندا ئېلىپ چىقىمەن، ئو-
غۇت قالمىسا، ئەچىقمايمەن. سىلەر مەن بىلەن
مۇنچىۋالا ھەپىلەشمىسىلىمۇ بولىدى. يەرنى
ھوكۇمەت شەخسىلەرگە بولۇپ بەردى، تېرى-
دۇ، تېرىمامدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئىشى،
سىلەرنىڭ ئەمدى «ئۇ قىلمامسەن، بۇ قىلمامسەن»
دېيىشلىرىڭنىڭ ھاجىتى قالمىدى...

ھايىزنىڭ بۇگېپى ئەترەت باشلىقىغا
خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇ بىر
ئورام تاماكا يوگەپ ئۇنى تۇتاشتۇرغاندىن
كېيىن، ھايىزغا تەمكىنلىك بىلەن يەنەمۇن-
داق دېدى:

— ھايىزئاخۇن، ھازىر سىلىدىن باشقىلار-
نىڭ ئەھۋالى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى.
راستىنى ئېيتسام سىلىگە بەك ئېچىنىمەن. كو-
نىلارنىڭ «دېخانچىلىقتا كۈندىن قالساڭ،
يىلدىن قالىسەن» دېگەن تەمسىلىسى بار.
سىلەر ئېتىز ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، كۆن-
لۈككە ئىشلەپ پۇل تاپىمەن، دەپ يۈرگىلى
ئۇزۇن بولدى. بۇ ئىشمۇ سىلىگە ھېچ پايدا
بەرمىدى. كۆنلۈككە ئىشلەپ پۇل تاپقان ياخشىمۇ،

ياكى ياخشى ئىشلەپ توغرا يول بىلەن بېيىغان ياخ-
شىمۇ، بۇ ھەممىمىز جىددى ئويلاشقا تېگىشلىك
مەسىلە... ئەترەت باشلىقى ھاپىزنىڭ تەتە-
رەۋاتقانلىقىنى كورۇپ، گېپىنى توختاتتى ۋە
كۆيۈمچانلىق بىلەن:
— تۆگۈپ كەتكەن ئوخشايسىلەر، ئويگە كىرىپ
ياخشى ئارام ئېلىڭلار، — دېدى-دە، خوشلۇ-
شۇپ، ئەترەت تەشكىلىگە قاراپ كەتتى.

× ×

غۇر-غۇر چىققان باھار شامىلى ئېتىز- ئې-
رىق، دەل-دەرەخلەرنى ئويغاتماقتا ئىدى.
قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدا دالىدىكى قارلار ئې-
رىپ، تۇپراقلار ھۆپپىدە ئۆرلەشكە باشلىدى.
ئېتىزلار يەنىجانلىنىپ كەتتى. ھاپىزمۇ ھەر-
دە ئالغان يېرىدە چېقىل ئاپتاپنىڭسايىسىدە
ئانچە-مۇنچە كورۇنۇشكە باشلىدى. ئۇ، گەرچە يەر-
لىرىگە قىزغىن ئوغۇت توشۇۋاتقاندەك قىلى-
سىمۇ، لېكىن كوزئالدىدىن كۆنلۈككە ئىشلەپ
پۇل تېپىش زادىلا كەتمەيتتى. ئۇ پات-پات قان-
داقتۇخىياللارنىڭ قاينىمىغا كىرىپ كىتەت-
تى.

— ھەي ھاپىز، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە
پىچىرلاپ، بۇ قېتىم ئەترەت باشلىقىنىڭ چىشىغا
تېگىپ قويۇپ بەك ياماندىلىق قىلدىڭ. ئەمدى ئۆيگە
كىرسەڭ خوتۇنۇڭ، سىرتقا چىقساڭ ئەترەت
باشلىقى «دېخانچىلىق قىل» دەپ قىستىسا،
ئۆتكەندە گەپلىشىپ قويغان يېزىمىز لاي تامىنى
ھايىللاس سوقۇۋتىدىغان ئىش تېخى...
ئاپلا، قاراپ تۇرۇپ بىرەر ئىككى يۈزكويې-
دىن قۇرۇق قالغۇلۇقمۇ ئەمدى؟...

ئويلىغانسېرى ھاپىزنىڭ بېشى قاتاتتى.

— بولدىلا، — دېدى ئۇ بىردىن مال تاپقاندەك
يىنىككىنە تېنىپ، — بىرنەچچە كۈنگە چىداپ
بولسىمۇ يەرنى تېرىۋالاي، ئۇلارنىڭ ئاغزى
ئېتىلسۇن. ئاندىن كېيىن شەھەرگە بېرىپ، ئو-
مىغا قەدەر ھېلىقى تامنى سالسام كېيىمدە ئىككى
يۈز يۈەن يانچۇققا كىرىدۇ. ئۇچاغدا ھاپىز
بىرچالىمدا ئىككى پاختەكنى سوقۇۋدۇ-دە، بىر
پەسلىدە ئىككى خامان ئالىدۇ.

ئۆز-ئۆز خىيالىدىن مەمنۇن بولۇپ، ھە-
جەيىپ قويدى.

بۇ يىلانغۇ ياماپ بولمىدى، — دەيتتى يەنە
ئويلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆز ئاتام ئەمەس،
باشقىلار بىلەن شېرىكلەشسەم پۇلنىڭ بىر قىسمى
قولىدىن كېتىدۇ. يالغۇز ئىشلىسەم ئۆمۈگچە تۈ-
گىمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىزدەپ سوراپ بولسىمۇ
كىيىنرەك پىشىدىغان ئۆرۈزغىدىن سالاي. ئاندىن
ماڭا ئەپلىك پۇرسەت چىقىدۇ....

ھاپىز بۇ خىياللارنى كۆڭلىگە پۈككەندىن
كېيىن، شەرۋانەمنى ئالدىرىتىپ ئۆز تېرىلغۇ-
سىغا جىددى كىرىشىپ كەتتى. شەرۋانەممۇ
ھاپىزنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا بىرلىگە نلىمىدىن
رازى ئىدى. ئەترەت باشلىقى، ئەزالارمۇ ئۇ
ئەمدى ئوزيولىنى تېپىپتۇ دېيىشەتتى. ھاپىز
مۇشۇنداق جىددى تۇتۇش قىلىپ مارتنىڭ
1-كۈنىگە قەدەر گومۇيەرنىڭ يازغى بۇغدىيىنى
ئازغىنە ئوغۇت بىلەن ئىگىزى-ئىگىز، چوقۇرى
چوقۇر پېتىمچە تېرىۋەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلىك چاينى ئىچىۋې-
تىپ:

— ئەمدىغۇ بىرخاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويې-
غانتىمەن خوتۇن؟ — دېدى ھاپىز شەرۋانەمگە
قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدىڭىزدىگىنچە
بىرنەچچە تاغار ئاشلىق غېمىنى قىلدۇق دېسەڭ-
لەرچۇ مۇسۇلمان، — دېدى شەرۋانەم.

— ھە، ھە توغرا، سىلە ئېيتقاندەك ئانچە-
مۇنچە ئاشلىقجايىمنى قىلىپ قويدۇق. ئەمدىغۇ
ماڭا يېپىشىۋالمايدىغانسىلەر، — دېدى ھاپىز
گېپىنى يوتكەپ.

— ئاشلىق دىگەن بىر قېتىم تېرىپ قويسىلا بو-
لىۋېرىدىغان نەرسىمۇ، — دېدى شەرۋانەم
تىرىكىپ، — ئۇنى پەرۋىش قىلىدىغان، يەنە تالىنى
ئاچىدىغان، بالدۇرقوناق، كېۋەز، شال... تې-
رىدىغان ئىشلارچۇ، ئۇنى كىم قىلىدۇ؟

— خوتۇن بۇ ئىشلاردىن ئۇنچىلىك غەم قىلى-

ماڭلار، مەن ئىلىمخوغا كېتىۋاتقىنىم يوقۇ، قېنىۋاقتى كەلسۇن، شۇچاغدا كورۇڭلار، يېغىمىتېرىمدا كېلىپ ياردەملەشەم، قالغان چاغلاردا ئېتىز ئىشلىرىغا ئۆزەڭلار، قاراپ قويىمامسىلە. ئۇچاغدا مەن پۇلدىن، سىلە ئاشلىقتىن خامان ئالساق، ئىككىمىز بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خاماننى ئۇسۇيمىز. نەمەسمۇ؟ ئېتىزغا قاراپلا ئولتۇرساق، ئاشلىق دىگەن بىر يىلدا ئارانلا ئىككى قېتىم چىقىدۇ. ئۇنىڭغىچە ئۇيگە پۇل كېرەك، كىيىم-كىچەكلەرگە قاراپ بېقىڭلار ئۇستۇڭلاردىن چۇشۇپ قالاي دەپتۇ. مېنىڭكى سىلەنىڭكىدىن بەتتەررەك. بالىلار توغرىسىدا دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئومىغىچە بىر ئازپۇلغا ئىشلىسەم ئۇستى-بېشىمىزنى ئوڭشىۋالساق يامان بولماس؟.

— سىلە دائىم مۇشۇنداق خام خىيال بىلەن مېنىمۇ، ئۆزەڭلىنىمۇ ئالداپ يۇرۇيسىلەر. ئاسماندىكى غازنى كورۇپلا قاچىلارغا نان چىلىغان بىلەن بولمايدۇ. يان-يېنىڭلىغا قاراپ بېقىڭلار. خوشنىمىز ئابدىقادىر اخۇننى ئالساق بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەھۋالى بىزدىن چوڭ پەرق قىلمايتتى. ھالا بۇكۇنلەردە، بىز نەدە، ئۇلار نەدە؟ ئۇلار ھەريىلى بىرەمىڭ يۇزەنگە ئۇزۇم ساتىدۇ. ئېغىلىدا قىرىققا يېقىن ئۇششاق چارۋىسى، بىر خېچىرى، بىر ئۇكۇزى، بىر سېغىن كالىسى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىشىكى بار. يېقىندا ئابالىسىغا ۋېلىسىپىت، رادىيو ئېلىپ بەردى. ھېيت-ئايەم، توي-توكۈندە خوتۇن بالىلىرى ئەرتىستەك بىر ئۇزياسىنىشىدۇ. مېنىڭ ئىزكارىم چاغلىق، قېزلىرىڭلار خېلى چوڭ بوپ قالدى. ئەل كۈنىنىڭ ئالدىدا ئاشۇ بالىلارنىڭ بولسىمۇ يۇزىنى قىسمىسا دەيمەن... يازكۇنلىرى خوشنىلارنىڭ ھويلىسىغا كۈن چۇشمەيدۇ. بوستانلىقتىكى ئۇزۇم، بېغىدىكى مېۋە-چېۋىلىرى كىشىنى قاماشتۇرىدۇ. ھويلىمىزغا قارايدىغان بولساق خۇددى مېچىتكە ئوخشايدۇ.

تومۇزنىڭ ئاپتىۋىدا ئادەم توكۇلتوخۇلارمۇ تۇرالمايدۇ. شۇنچە ساقال-سامبۇت بىلەن ياتىشلارنى تېپىپ قىلالمىساڭلار، ياخەلقى ئالەمدىن نومۇس قىلىشنى بىلمىساڭلار، بۇ قانداق بولغىنى...

شەرۋانەمنىڭ بۇگەپلىرى ھاپىزغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ سەپرايى ئورلەپ، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى-دە:

— ئەمسە ئوغورلۇق قىلسام بولامتى؟! ھاپىز يەنە بىر نەرسە دىمەكچى بولدىيۇ، كارنىيىغا نىمىدۇ تىقىلغاندەك بولۇپ، ئورنىدىن دەس قوپقانچە چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇماڭغانچە شەھەرگە بارىدىغان ئاپتوۋۇزغا ئاران ئۇلگۇردى.

شەرۋانەم دەككە يىگەندىن كېيىن، ھاپىزدىن رايى قايتىق يانغاندەك بولدى. ئۇ ياغلىغىنىڭ ئۇچى بىلەن كوز ياشلىرىنى سۇرتتى-دە، يەنە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويلاشقا باشلىدى:

نىمىشقىمۇ بۇ ئادەمگە رىسقىم قوشۇلۇپ قالغان بولغىتتى. مەن خوتۇن كىشى جېنىمدا ئەتىدىن كەچكىچە مۇشۇ ئويىنىڭ غېمى بىلەن پۇشتەكموللاق ئىتىپ يۇرۇيمەن، ئۇنىڭ ئەھۋالى يەنە شۇموللام ئېيتقان بىلا يەقى. يا مېنىڭ گېپىمنى تىڭشىمىسا يا كادىرلارنىڭ گېپىنى... ئۆزەمنى نىمانىچە قىنايمەن. بالىلارمۇ چوڭ بوپ قالدى، ئاچىلىرى ئۇكىلىرىغا قارىيالايدۇ. ئېغىرىنى يەر كوتۇرىدۇ، رىسقىنى خۇدايىم بېرىدۇ. نىمە بولسا بولسۇن، ئاجرىشىپ كېتىمەن، ئەتىلا ئاجرىشىپ كېتىمەن... شەرۋانەم ئەندى ئۆزىنى تۇتالمىدى، ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كوڭلىگە تەسكىن بەرگىدەك كىشىمۇ يوق ئىدى. ھاپىز ھازىر نەلەردىدۇ يۇرىدۇ. خوشنىلىرى ئېتىزغا، چوڭ بالىلىرى مەكتەپكە كېتىشكەن ئىدى. پەقەت ھويلىدا ئويناپ يۇرگەن قىزى

مايمۇنلا توساتتىن ئانىسىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ تايتۇڭلاپ يۈگرىگەنچە ئۆيىگە كىردى.

— ئانا، ئانا نىمە بولدى، سېنى مۇشۇك قورقۇتتىمۇ؟ — سەبى قىزنىڭ يۇمران يۈرىكى بۇ ھالغا چىداپ تۇرالمىدى، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ۋارقىراپ يىغلاپ تاشلىدى. مايمۇنەنىڭ يىغىسى ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيغانىدەك شەرۋانەمنى تېخىمۇ يىغلاتتى، خۇددى تەمبۇرنىڭ زىل تارىسىغا قوش زەخمەك ئۇرۇلغانىدەك ئانا-بالىنىڭ يىغىسى قوشۇلۇپ ئەۋجىگە چىقتى. شۇ تاپتا شەرۋانەمنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز بىر خاپىلىق مۇجۇيتتى. ئۇ، قۇچىقىدىكى ئۆپكىدەپ تۇرغان قىزىنى باغرىغا باستى. ئانا مېھرى گويا ئۇلۇغ سۇدەك دولقۇنلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىدىكى غۇژمەكلىشىپ قالغان بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. شەرۋانەم يىغا بىلەن كۆڭۈل-كۆكسىنى بىرئاز بوشاتتى. يۈرىكىگە قولنى بېسىپ كورۇپ، بالىلىرىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا چىدىمىدى، شۇڭا ئاجرىشىپ كېتىش قارارىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىسىزمۇ 6 بالا بولغاندا ئېرىدىن ئاجراشسا خەقلەر ھەرنىمىلەرنى دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

— بۇ ۋاقىتقا قەدەرمۇ چىداپ كەلدىم، قانچە قىيىنچىلىق تارتسام مەيلى، بالىلارنى بېقىپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قىلغاچ تۇراي، ھاپىزمۇ بىركۈنى بولمىسا، بىركۈنى ئويغىنىپ قالار، — دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

شەرۋانەم سەھەر تۇرۇپلا بالىلارنى كىيىندۈرۈپ چاي بېرەتتى. ماللىرىغا قارايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتىز ئىشلىرىنى جىددەللەپ چىڭ تۇتاتتى. تال ئېچىشتىن قوناق، كېۋەز، تېرىلىپ بولغىچە كۈن بويى ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلىدى. قىسقىسى يازكىرگەندىن بېرى شەرۋانەمگە بىركۈنمۇ ئارامliق بولمىدى. ئۇنىڭ ئايىغى باسمىغان ئېتىزى، قولى تەگمىگەن مايسىسى قالمىدى. ئۇ ھەتتا جاڭگاللىدىن بىرنەچچە ھارۋا ئوغۇتمۇ ئېلىپ چىقتى. شۇنچە ئىشلارنى تۈگەتكىچە ھاپىزنىڭ ئۆزى تۈگۈل سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە ھاپىز چۈشكەن چاغلاردا، پەقەت، ئېغىر بىر «ئۇھ...» تارتىپ قوياتتى.

بىركۈنى تۈگمەنگە بارغاندا، كىمدۇ بىرسى «ھاپىزئاخۇن كەلدىمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى.

— ياق، تېخى كەلمىدى...

— مەن شەھەرگە بارغاندا كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇماڭا، تام سېلىپ خېلى پۇلغا ئىشلىدىم، شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئىشلىگەن پۇلنىڭ مەھەشتىنى كورۇپ قايتىمەن، — دىگەندەك قىلىۋىدى، — دىدى ھېلىقى ئادەم.

بۇسۆزنى ئاڭلاپ، شەرۋانەم بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇقۇيغانىدەك سەسكىنىپ كەتتى. ئاچچىقىدا بىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلدىيۇ، بىرەر ئېغىز يامان سوزلەپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ گەپ قىلمىدى. ئەمما بىرخىل ئاچچىق ھېسىيات ئۇنىڭ قەلبىنى ئورتەپ تۈگمەندىن تائۆيىگە كەلگىچە ئازاپلاندى.

× ×

مەخمال يايغانىدەك ياپ-يېشىل ئېكىنزارلىق بىردىنلا ساغۇچ رەڭ ئېلىشقا باشلىدى. بېپايان بوغداي ئېتىزلىرىدا ئوما ناخشىلىرى ياڭراپ، ھەممە كىشى بەس-بەس بىلەن يازلىق يىغىم-تېرىمغا چۈشۈپ كەتتى.

ھاپىزمۇ ئومىغا ئۇلگۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بوغدىيى تېخى پىشمىغاچقا، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، باشقىلارغا قاملىشىپ، پۇلغا ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. شەرۋانەم ئېگىز ئورنىغا تېرىلمىدىغان يەرلىرىنىڭ يېنىغا ئوغۇت توشىماقتا ئىدي.

ئوغۇتـمۇ توشـۇلۇپ تۈگىدى. بۇغدايـلار
تېخىچە سېرىق تال پېتىچە تۇراتتى. شەر-
ۋانەم كۆزگى بۇغداي ئېتىزلىرىغىمۇ، ياز-
غى بۇغداي ئېتىزلىرىغىمۇ باردى. خۇددى
پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئېتىز بېشىدا تۇ-
رالماي قالدى. بۇغدايلارغا قاراپ، يۈ-
رىكىنى مۈشۈك تاتىلىـغانـدەك بـولۇپ،
تـىنگى يـوق خـىيالـلارنى سـۈرەتتى.
شەرۋانەم نىمە قىلارنـى بىلمەي ئىچى
تىتىلداپ تۇرغاندا ھاپىز بـاشـقىلارنىڭ
ئىشلىرى ئايا قلاشقانلىقتىن قىلـغىلى ئىش
تاپالماي ئۆز ئېتىزىغا قايتىپ كەلدى-دە:
— بۇ بۇغدايلار تېخىچە پىشماپتۇ، بـۇ
زادى قانداق گەپ، -دىدى بېشىنى قاشـ
لاپ.
— نىمىشقا پىشماي ئىدىغانـلىقىنى سـىلەر
بىلمىسەڭلار كىم بىلىدۇ. ھەممىيلەن بۇرۇن
پىشىدىغان بۇغداي تېرىـدى، سىلەر كېيـىن
پىشىدىغانىدىن تېرىپسىلەر. ئەمدى قويۇق بۇغ-
دايلار پىشمىسا نەدىن سوراق ئىتەمسىلەر؟
-شەرۋانەمنىڭ يەنە سۆزلىگىـسى بار ئىدى،
بىراق، جۈدىنى ئورلەپ، سۆزلىمىدى. بۇغ-
داينىڭ پىشماسلىقىدىكى سەۋەپ ئۆزىدىن ئا-
يان بولغاچقا، ھاپىز لام- جىم دىيەلمەي
تۇرۇپلا قالدى. باشقىلارنىڭ خامىنى تـې-
پىلىپ بولاي دىگەندە ھاپىزنىڭ بۇغدىيى
قېتىشىپ كەلدى. يەنە كېچىكتۈرگەن بىلەن
بولمايتتى. شۇڭا، سۈتى تېمىپ تۇرغـان
بۇغداينى ئورۇشتىشكە توغرا كەلدى،
ئۇلاركېچە-كۈندۈز دىگەندەك تۈتۈش قىلىپ
يىغىم-تېرىمنى ئايا قلاشتۇردى. ھاپـىزنىڭ
كۆڭلى سۈيۈنگىدەك ھوسۇل ئېلىشقا كۆزى
يەتمىگەنلىكتىن، دىخانچىلىقتىن تېخىمۇ رايى
يېنىپ، خوتۇنىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، يەنە
ئىش ئىزدەپ شەھەرگە كەتتى. ئېتىز ئىشـ
لىرى يەنىلا شەرۋانەمگە قالدى. شەرۋانەم
ئېتىز پەرۋىشىنى ئايا قلاشتۇرۇپ بولغـىچە
كۆز كۈنلىرىمۇ كىلىپ قالدى. ئەزالار پىشـ

قان قوناقلىرىنى ئېلىپ ئورنىنى كۆزگە تېـ
رىشقا باشلىغان چاغدا، شەرۋانەمنىڭ قوناقـ
لىرى يېرىم مېتىر ئوسە-ئوسمەيلا سوغـاق
چۈشۈپ، قوناقلارغا ئۈششۈك تەگدى.
ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ، ئاسـماندا
بىرتامۇ بۇلۇت كورۈنمەيتتى. يېقىملىق پە-
دىلەرگە چېلىنغان ناغرا، سۇنايلارنىڭ شا-
دىيانە ئاۋازى يېڭى ئاۋات كەنتىنى زىل-
زىلىگە كەلتۈرۈپ بايرام تـۈسىگە كىرگۈز-
گەن ئىدى. شات - خۇراملىقتا چومگەن ئە-
زالار ئەترەتلەر بويىچە رەتلىك سەپ بولۇپ،
خۇشخۇي كۈلكە، چاقچاقلىرى بىلەن دادۇي
تەشكىلىگە توپلاندى.
ھايال ئوتمەي يىغىن باشلاندى. دادۇي
پارتىيە ياچېيكىسـىنىڭ سېكرېتارى، پارتى-
يىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قاراتقان تۈزلۈك
ئىقتىـسادىي سىياسەتلىرىنىڭ تولۇق ئەمەلـ
لەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن دادۇي، جۈملىدىن
بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە بولغان ئۆز-
گىرىش، قولغا كەلتۈرۈلگەن بىرقاتارنەتى-
جىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ئاندىن
كېيىن يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىۋى بويىچە ھەر-
بىر ئائىلىنىڭ ھوددە ئالغان يەرىدىن چىقـ
قان ئاشلىق سانى، ئاشۇرغان ياكى كەمـ
لەتكىنى بويىچە ئىسـىملىكلەرنى ئېلان قىلىپ
بەردى.
مەلۇم بولدىكى ھەرئون ئويلۇكنىڭ يەتتەـ
سەككىزى مۇكاپاتلىنىدىكەن. مەھسۇلاتنى كەـ
مەيتكەنلەرنىڭ ئىسـىملىكى ئوقۇلۇۋاتـقاندا
ھاپىزاخۇن يۈرىكى پوكۇلداپ، بېشىنى يەر-
دىن ئۇستۇن كوتۈرەلمەي ئولتۇردى.
«...ھەي ھاپىز، ھەي ھاپىز،ـدەيتتى ئۇ
خىجىلچىلىق ئىچىدە ئوز-ئوزىگە،ـسەن نىـ
مىشقىمۇ ئەل-يۇرتنىڭ، ئايالىڭنىڭ نەسىھـ
تىگە كونمىگەن بولغىدىڭ، قېنى ئۇ سېنىڭ
ئالماقچى بولغان ئىككى خامىنىڭ؟ مانا
ئەندى كوپچىلىككىمۇ، ئائىلەڭگىمۇ، كادىر-
لارغىمۇ قارىغۇدەك يۈزۈڭ يوق......»

ــ ھاپەزئاخون، ــ دەپ ئىلان قىلدى سېكرېتار، ــ تاپشۇرۇلغان مەسئۇلىيەت ئېتىزى جەمى 11 مو، ئەسلى توختامدىكىدىن كەمەيتكەن ئاشلىغى......

ئوزىنىڭ ئىسمى ئاتالغاندا چۆچۈپ كەتكەن ھاپەزئاخون بېشىنى ئېخمۇ تۆۋەنگە ئەگدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىدىن خىجىلچىلىقنىڭ سوغۇق تەرى چىپىلدىماقتا ئىدى.

ھاپەزئاخوننىڭ ئىسمى ئىلان قىلىنغاندا، شەرۋانەم بىرەر ئەيىپ ئىش قىلىپ قويغان كىشىدەك ئوكسۈپ-ئوكسۈپ يىغلاۋەتتى. ئۇئىرىدگە: «ئىككىمىز ئىككى خامان ئىۋسماقچى ئەمەسمىدۇق، مەن ئۇسقان خاماننىڭ ھساۋى ھەرھالدا قىلىندى. ئەندى سىلە ئۇسقان خاماننىڭ ھساۋىنى قىلىپ كورمەيمىزمۇ؟» دىگەندەك قاراپ-قاراپ قويياتتى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئەزالار خوشال-خوراملىق بىلەن پىكىربايان قىلىشقا باشلىدى. ئويلىمىغان يەردىن ھاپەزئاخون چاچراپ قوپقىنىچە سەھنىگە قاراپ ماڭدى، بۇھالغا شەرۋانەمۇ، يىغىن قاتناشچىلىرىمۇ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى.

ھاپىز چىققىنىۋ- بىرھازا گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنى بىر تەرەپتىن نومۇس ئېغىزئاچۇرمىسا، بىر تۇرۇپ ئارتۇقچە ھاياجانلىنىشتىن تىلى ئوزگە كەلمەيتتى، پۈتۈن زال-جىمجىتلىققا چوككەن ئىدى.

ــ كوپچۇلۇك، ــ دىدى ھاپەزئاران دىگەنە گېپىنى باشلاپ، ــ «ئوزەم قىلغان گوناغا، نەگە باراي داۋاغا» دىگەندەك، ئەيىپ ئوزەمدە، تۇرۇقلۇق كىمىدىن ئاغرىنىماي، بۇگۈنكى يىغىندا گەرچە مېنى تەنقىتلىمىگەن بولسىمۇ، خۇددىمىڭ تاياق يىگەندەك پوچۇلۇنۇپ كەتتىم. ئىشلەپ پۇل تاپىمەن، ئىككى خامان ئۇسسۇمەن دەپ، خوتۇنىنى قاخشىتىپ، ئۈزەمنى ئالداپ، شەھەردە قاتىراپ يۈرگىچە، ھوددەئالغان يېرىمگە ئىشلىگەن بولسام...

ئۇ ئېغىر «ئوھ» تارتقاندىن كېيىن، بىرئاز جىم تۇرۇۋېلىپ يەنە سوزلەشكە باشلىدى، ــ ئەندى «ئوتكىنى-كەتكىنى». پوشايمانىنى ئالغىلى قاچايوق. مەندىن ئىبرەت ئېلىڭلار، مەن باي بولۇشنىڭ يولىنى خاتا تاللىغان، بۈگۈن كوزۇم ئېچىلدى. ماڭا ئىشىنىڭلار كوپچۇلۈك، مەنمۇ ھەرقايسىڭلار ماڭغان يولدا ماڭىمەن!... قاراپ تۇرۇڭلار، كېلەر يىلى قانداق ئىشلەيمەنكى قېنى!...

ئۇنىڭ كوزى ئايالى شەرۋانەمگە چۈشكەندە قىلمۇاتقان گېپىدىن ئېزىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ «مەن ئايالىمغا ھۇزۇرخالىق بىلدۇرىمەن، مەن ناماقۇل خوتۇن» دىگىنىچە سەھنىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

يىغىن قاتناشچىلىرى ھاپەزئاخوننىڭ باشتا قىلغان سوزلىرىدىن رازى بولۇشقان بولسا، كېيىنكىسىنى ئاڭلاپ پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھاپەزئاخون ئوزجايىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، گويا يەلكىسىدىن توگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللىشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز قورۇقلار بىلەن تولغان چىرايىدا ئۈمىتۋە ئىشەنچ جىلۋە قىلدى.

شەرۋانەم ئىرىگە تىكىلىپ قارۋىدى، ئۇ خۇددى 15 يىلنىڭ ئالدىدا - تويي كونىدىكى چىرايىغا قايتىپ قالغاندەك يېقىملىق كورۇندى. ئۇئىرىگە باققىنىچە: «ئاخىرى ئۇ ماڭىدىغان توغرا يولغا قايتىپ كەلدى، ئوزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندى...» دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى....

# ئەقىللىق توشقان

(مەسەل)

ماخمۇتجان ئىسلام

ئەپچىل قولدا مارجاننى،
يەپەك يىپقا تىزغاندەك؛
مېغىزنى مەسەلنىڭ،
قۇرغا تىزدىم مارجاندەك.
بىر زاماندا بوۋامدىن،
ئاڭلىغانتىم بۇنى مەن.
تىڭشاپ كۆرۈڭ دوستلۇرۇم،
سوزلەپ بېرەي شۇنى مەن...

★

ئۆتكەن قەدىم زاماندا،
تەكلىماكان تاماندا؛
بار ئىكەن بىر كەڭ ئورمان،
كەڭ جاھانغا مەڭ ئورمان.
ئورمان بەكمۇ گۈزەلكەن.
سېيى- تەملىك ھەسەلكەن،
ئورمان ئىكەن ھورماكان.
ياشايدىكەن كۆپ ھايۋان،
چوڭ- كىچىك ۋە قېرى- ياش،
بولغان ئىكەن ئويۇلتاش.
دېمەك، ئۇلار ئىناقكەن،
بىر- بىرىگە ئامراقكەن.
ئىجىل، ھەمكار، شات ئىكەن،
غەم- قايغۇغا يات ئىكەن...

★

ئايلار ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ،
كوكلەم كېتىپ، ياز ئۆتۈپ.
ئاشۇ گۈزەل ئورمانغا،
ھايۋانلار جەم ماكانغا.
يولۋاس پەيدا بولۇپتۇ،
ئورمان مۇڭغا تولۇپتۇ.

١

قانات يېيىپ شۇم مامات،
بۇزۇلۇپتۇ ھورھايات.
يولۋاس «مەن شاھ- خاقان» دەپ،
خالىغاننى تۇتۇپ يەپ؛
قىپتۇ زورلۇق- زومبۇلۇق،
بوپتۇ دىللار قايغۇلۇق.
ئاخىر سەمرىپ- تىقىلىپ،
پۇت- قوللىرى كىرىلىپ؛
بىر ئوڭكۈرنى تېپىپتۇ.
بىغارامان يېتىپتۇ،
ئورماندىكى بارچىغا،
مۇنداق بۇيرۇق بېرىپتۇ:
«- مەن - بارچىڭدىن يوغان مەن،
كۈچ- قۇدرەتكە تولغان مەن.
تونۇپ قويۇش ئوزۇمنى،
شەرتسىز ئاڭلاش سوزۇمنى:
مەن ئوردامدا ياتىمەن،
ئۇخلاپ- يۇمۇپ كۆزۈمنى.
ھەركۈن ئۈچ ۋاخ كېلىسەن،
ماڭا تاماق بولىسەن.
كېلىشمىسەڭ ۋاقتىدا،
كورگۈلۈكنى كورىسەن...»
شۇ ئورماندا بار ئىكەن،
ئاپپاق تىقما توشقانجان.
بۇزورلۇققا چىدالماي،
بولۇپ قاپتۇ خىيالچان.
توشقان كىچىك بولسىمۇ،
ئەقلى- پەمى چوڭ ئىكەن.
ئۇ ھەمىشە ئويلىنىپ،
ئەل غېمىنى يەيدىكەن؛

«... ياۋۇز نىيەت يولۋاسخان،
زامىن بولدى كۆپ جانغا.
ئايلاندۇردى بۇغۇزلار-
ھورماكانىنى زىندانغا.
يوقاتماق يولۋاسنى،
(ئايرىماق جېنىدىن)
قايغۇ-ھەسرەت، شۇم ئەجەل،
كەتمەيدۇ ئەل بېشىدىن...»
شۇنداق نىيەت- خىيالدا،
ئويلاپتۇ ئۇ بىر ئامال.
ئاڭلاپ، دەپتۇ دوستلىرى:
«ئىشقا ئاشۇر بىمالال.»

×

ئەتىسى ئۇ سەھەردە،
يول ئاپتۇ «خان» قېشىغا.
(كەلگۈلۈكنى- ئۆلۈمنى،
ئېلىپ قويۇپ بېشىغا.)
ئالدىرىماي يول يۈرۈپ،
يوللاردا ئۇ گۈل كۆرۈپ؛
ئويناپ-كۈلۈپ چەمەندە،
كۈن قايرىلاي دېگەندە،
يېتىپ بېرىپ ئوردىغا،
كىرىپ يولۋاس ئالدىغا؛
مېيىقىدا بىر كۈلۈپ،
سالام بېجا كەلتۈرۈپ،
دەپتۇ: «ئۇلۇغ پادىشا،
بولدۇڭ بىزگە باش پانا.
كەلدىم سائا بولۇشقا
ئەتىگەنلىك ئاش-غىزا.»
بەت-بەشرە يولۋاسخان،
ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ؛
دەپتۇ قەھرۇ- غەزەپتە،
جۇپ كۆزىگە قان تولۇپ:
-ئەي يالاڭتۆش، شۇم ئاۋاق؛
بولاي دېدى كۈن نەۋاق؟!
ئۈچ يىلدىم تارتىشىپ،
ئىچىپ كەتتى بۇ قوساق،

نېمە مۇنچە كەچ قالدىڭ،
تۈپەيلىڭدىن ئاچ قالدىم؟...
-ئەي قۇدرەتلىك پادىشا،
ياشا، تۈمەن مىڭ ياشا.
غەزەپلەنمە، سەۋرى قىل،
ئەرزىم ئېيتاي سەن تىڭشا؟...
-گەپىنى سوزماي تېز سۆزلە،-
دەپتۇ يولۋاس گۈكىرەپ.
ئەقلى تېرەن توشقان جان،
يالغان يىغلاپ- ھۆكىرەپ؛
دەپتۇ: «شاھىم بىزدە بار،
ئۆزلىرىگە ساداقەت.
كۆڭلىمىزدە يوق پەقەت،
غەيرى نىيەت- خىيانەت.
بۈگۈن سەھەر كېچىك، مەن،
يۇرتتىن ئېلىپ رازىلىق؛
ماڭغان ئىدۇق بولۇشقا،
ئۆزلىرىگە ناشتىلىق.
كونا قۇدۇق بويىغا،
كەلگەن چاغدا بىز ئامان،
تۇستى يولنى تۇساتتىن،
باشقىچە بىر يولۋاسخان.
كېچىكجاننى يەپ كەتتى،
قۇتۇلدۇم مەن مىڭ تەستە.
بۇ يەرگىمۇ كېلەردۇ،
پات پۇرسەتتە، يا كەچتە...»
بۇ سۆز بىلەن يولۋاسنىڭ،
ئوت چاقناپتۇ كۆزىدىن.
قانىنىڭ ھىدى كېلەركەن،
ھەر بىر ئېغىز سۆزىدىن:
-ئەي قورقۇنچاق، شۇم ئاۋاق،
قانداق يولۋاس ئىكەن ئۇ!
كىم چاڭ سالسا رىسقىمغا،
يولۇمدىكى ئىكەن ئۇ!
-پادىشايىم، تېخى ئۇ،
سىلىگە بەك كايىدى..
-سۆزلە قېنى، ئۇ ئەپلاس،
نېمە دەپ تىل چايىندى؟

—ئۆزلىرىنى دەيدۇئۇ:
—«جىلغىئەمەس، جا پادىشا».
قىلچە قورقماي ئۇنىڭدىن،
ئويىنا يىمىز بىز كەڭتاشا...»
بۇنى ئاڭلاپ يولۋاسنىڭ،
كوزىدىن ئوت چاقناپتۇ،
غەزەپ بىلەن تولغىنىپ،
ھەر تەرەپكە تاخلاپتۇ.
«دەرھال مېنى باشلاپ بار»،
دەپتۇ قەھرۇ-غەزەپتە،
توشقان باشلاپ مېڭىپتۇ،
كونا قۇدۇق تەرەپكە.
ئۆزۈن ئوتمەي مەنزىلگە،
ئۇلار يېتىپ بېرىپتۇ.
نەرە تارتىپ يولۋاسخان،
يەرنى تاتىلاپ- قېزىپتۇ.
غۇچۇرلىتىپ چىشىنى،
توكلىرىنى سىلكىپتۇ.
ھەريان چېچىپ شالۇنى،
قۇدۇققا كوز تىكىپتۇ.
ئەقىللىق ئاق توشقانجان،
ئىشارەت قىپ قۇدۇقنى،
دەپتۇ: ئەي خان كورسىلە،
ئۇئىپلاسنى- بۇزۇقنى،
بايا بۇزەك قىلغانتى،
يولىمىزنى توسۇپ ئۇ.
كىردۇۋالدى قۇدۇققا،
ئۆزلىرىنى كورۇپ ئۇ.
كەپتۇ يولۋاس شۇھامان،
كونا قۇدۇق بېشىغا.
ھەممە كوچنى يىغىپتۇ،
قانغا سىزدەك چىشىغا.
كونا قۇدۇق ئىچىگە،
قاراپتۇ ئۇ ئېڭىشىپ،
راستلا ئۇندا تۇرغىدەك،
بىرسەت يولۋاس ھىڭگىيىپ،
نىمە قىلسا يولۋاسخان،
شۇنى قىپتۇ ئۇمۇ تەڭ.
دىگەندەك ئۇ گويا كى،
«كەل باشلايلى قېنى جەڭ».
يولۋاس سىلكىپ بېشىنى،
غۇچۇرلىتىپ چىشىنى؛
ئېتىلىپتۇ قۇدۇق-قا،
قودۇقتىكى بۇزۇققا.
شۇ ئان سۇغا غەرق بولۇپ،
كوزلىرىگە قۇم تولۇپ.
تىن تارتمايلا ئولۇپتۇ،
بۇنى ھەممە كورۇپتۇ.
بۇغەلىبە ئوتۇقتىن،
بارچە ھايۋان كولۇپتۇ.
ئاق توشقاننىڭ ئەقلىگە،
ئالقىش، رەھمەت ئوقۇپتۇ.
ئورمانلىقتا قۇشلارمۇ،
ناخشا-غەزەل توقۇپتۇ.
ھەممە قايتا-باشقىدىن،
باھار نۇرى كورۇپتۇ.
قۇچىغىدا بەختنىڭ
ھورلۇك پەيزى سۈرۈپتۇ.

## تونۇش ناخشا

ئامىنە تۇردى

بىر سورۇندا دۇتارنى چالدى بىرسى ناخشىغا،
ئاڭلىۋىدىم بۇرۇنمۇ، چالسا قانداق باشقىغا ؟ !
...... ...... ......... ......... ...... ...... ...... ......

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



«...كىردىم بەيخىۋا دالۇغا ئېلىپكەتمىرىك سىم ئۈچۈن،
مەن كۈيەرمەن يارىمغا، يارىم كويەر كىم ئۈچۈن؟...»
بۇ ناخشىدىن بەزدىمەمەن، دۇتارچىغا قارىدىم،
ــ بىرىلىڭ ماڭا، مەن چالاي ـ دىدىم پەدە قايرىدىم.
«يار كويۈنەر يارىغا، مېھنەتكە، ئىش ـ كارىغا،
ھەم كويۈدۇ كوڭلىدە ئەلنىڭ ئىشقى بارىغا.
يارنىڭ قولىدا سازى، جاراڭلايدۇ ئاۋازى،
ھور، بەختىيار بۇ زامان ئۇنىڭ دوستى ـ ھەمرازى.
قۇرۇق سوزدىن يىراق ئۇ، ئەندى چەكمەس پىراق ئۇ،
مەنىۋ بولغاچ ئىشچان قىز چىن دىلىمدىن ئامراق ئۇ.»
شۇ ناخشىنى ئوقۇدۇم، دۇتارچىنى توقۇدۇم،
ئەي كىتاپخان، بۇ شېئىرنى، دەڭا نىچۈن تىزقۇدۇم؟

## شېرىيەت ھەققىدە

خۇجاۋ:

شېئىر يېزىش شەخسىنىڭ ھەرقانداق تەسىراتلىرىنى ھېچقانداق ئۇيان ـ بۇيان قىلماسـتىنلا ئۇزپېتىچە يېزىۋېرىش دىگەنلىك ئەمەس، ئىجادىيەتتە قانداقلا بولمىسۇن تىپىكلەشتۈرۈش جەريانى بولىدۇ. پىروزىچى تىپىكلەشتۈرۈلگەن پىرسوناژلارنى ۋە ۋەقەلىكلەرنى يازىدۇ، شائىر بولسا تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئىدىيەۋى ـ ھىسياتنى يېزىشى كىرەك.

لېكىن تىپىكلەشتۈرۈش دىگەنلىك چەكسىز دەرىجىدە ئۇستۇرۇۋېتىپ، چىقارغان ئاۋازنى كىشىلىك ھىسياتىغا ئوخشىمايدىغان بىرنەرسە قىلىپ قويۇش دىگەنلىك بولمايدۇ.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى)

# دوختۇرنىڭ كىسەلى نەدىن كەلدى؟

ئەبەيدۇللا ھاشىم

(ھىكايە)

يەر- ئاسمان بوشلۇقى تەرەپكە قاراپ
كۆتۈرۈلمەۋاتامدۇ نىمە، ياق، ئەكسىچە ئاس-
مان بوشلۇقى يەر تەرەپكە پەسلەۋاتامدۇ...
توغرا، ئەنە. سانسىز لىغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ
كىرپىكلىرى ئارىسىغا قونۇشقا، كۆزقارچۇق-
لىرىغا تىگىشكە، ھەتتا نۇر يىڭنىلىرى سان-
چىلىشقا باشلىدى ئەمەسمۇ. يامان بولغىنى
قۇياشنىڭ ناھايىتى- ناھايىتىمۇ يېقىنلاپ
قالغىنى! ئېھتىمال ئۇ بىر پارچە چوغ بولۇش-
مۇ مۇمكىن. بولمىسا نىمىشقا مۇنچە بەك
قىزىدۇرۇپ بىئارام قىلىدۇ...... مۇمكىن
ئەمەس، ئاسماندا چوغ نىمىش قىلسۇن،
بۇ چوقۇم يىراقتىمۇ ئەمەس، يېقىن-
دىمۇ ئەمەس، دەل ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە
ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش. ئەگەر تېزراق
ئامال قىلىپ ئۆزىنى ئەپقاچمايدىغان بول-
سا، ئۇنىڭ تېنى قۇياشقا تېگىپ بىرىدۇ- دە،
كۆيۈپ تۈگىشىدۇ...
قىرىشقاندەك پۈت- قوللىرىنىڭ ھەركەتكە
كەلمەۋاتقىنىنى. «پۈتۈنلەي بىرسى ھەدەپ
پەسكە تارتىپ تۇرۇۋاتقىنى ئازكەلگەندەك
قولۇمنىمۇ تېڭىپ قويۇپتۇ -دە»...

مانا، كىمدۇ بىرسى يەنە بىر قېتىم يىڭ-
نە، ياق نەيزە سانجىدى. (ئۇ، «چوقۇم نەيزە
سانجىدى» دەپ ئويلىدى.) «مەيلى، نىمە ئا-
مال، نىمە سانجىسا سانجىمىسۇنمۇ، ناھا-
يىتى كەلسە چىۋىن چاققاندىلەك
ئاغرىتار...»

...ئاپلا ھېلىقى بىر پارچە چوغ، ياق،
قۇياش ناھايىتىمۇ يېقىنلاپ قالدى، ماڭ-
لىيىم قىزىپ، تامىقىم قۇرۇپ كېتىۋاتى-
دۇ، كۆيۈپ كەتمىسەملا بولاتتى...

...رەھمەت، زەپ راھەت... پىشانەمگە
مۇزدەك لاتا چاپلاپ ئوبدان قىلدى، ئەمدى
كۆيمەسلىكىم مۇمكىن...

رەييھان ھوشىنى گاھ بىلىپ،
گاھ بىلمەي قالايمىقان خىياللار ئىچىدە
خاموش ياتقىنىغا سا ق3سائەت بولدى.
ئۇ سەل- پەل ھوشىغا كەلگەندە ئاللى-
قاچان تاڭ ئاتقان ئىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا
كۆزىنى ئېچىش ناھايىتى تەس تويۇلدى،
گويا قاپىقىغا مىڭ جىڭ تاش ئېسىپ قويۇل-
غاندەك كىرپىكلىرى يارىيىلمىدا چۇپلىشىۋ-
رۇپ چاپلىشىپ قالغاندەك مەلۇم بولدى. كېيىن
ئاستا- ئاستا ھېلىقى ئېسىپ قويۇلغان تاش
يوقاپ، بېشى بىر ئاز يەڭگىللىشىپ قالدى. ئۇ
كۆزىنى سەل- پەل ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى.
قارىدىيۇ، ئۆزىنى كېسەلخانىدا، كېسەل كار-
ۋىتى ئۈستىدە، يەنە كېلىپ بىلىنگەنگە ئاسما
ئوكۇل ئۇرۇلۇۋاتقان، يان- بىلىدە بىر نەچچە
سېستىرالار پايى- پېتەك بولۇشۇپ تۇرغان
ھالەتتە كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھە، ئەسلىدە، ئابايام ئۇنىڭ بىئاراملىق ھېس قىلغىنىنى ھۇشسىزلىق، خامۇشلۇقتىن پەيدا بولغان ئالامەتلەر ئىكەن-دە.

ئاچا يېپىش-ھە، تېخى سەل بۇرۇن (ئۇ شۇنداق ئويلايتتى) ئىككى جىددى ۋە مۇرەككەپ ئوپېراتسىيىنى تۈگىتىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتقان ئەمەسمىدى، ئەمدى نېمىشقا ئۆزى كېسەلخانا كارۋىتىدا ياتىدۇ، ئۇنىڭ ئۆيى قاچاندىن بېرى كېسەلخانىغا ئايلىنىپ قالدىكىنە؟...

رەيھان بۇ بىر تالاي چىگىش خىياللار ئىچىدە ئۈزمەكتە. ئۇ خامۇش ھالەتتە، گاھ ھۇشىغا كېلىپ، گاھ ھۇشىدىن كېتىپ دىگەندەك ياتاتتى.

ئۇنىڭ مېڭىسىدە تۇساتتىن مۇنداق بىر ئىش قايتا ئەكس ئەتتى:

ئۇچىيى ئالمىشىپ قالغان ھېلىقى دېخاننى ئوپېراتسىيە قىلىش غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى،... ئوپېراتسىيە قىلىش ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندا رەيھاننىڭ ماڭلىيى بۇژ-بۇژ تەر بىلەن تولغان ئىدى.

«ئىشتىن چۈشكىلى بەش مىنۇتلا قاپتۇ...» دىدى ئۇ تامدىكى سائەتنىڭ ئىستىرىلكىسىغا «لاپ» قىلىپ قاراپ، ئاندىن ئۈستىدىكى خالاتنىڭ بوغۇچلىرىنى چاپسان يېشىپ، قوللىرىنى سوۋۇنداپ پاكىزە يۇيدى-دە، ھارغىنلىق يەتكىنىگە باقماي ھەرقايسى كېسەللەرنىڭ قېشىغا كىرىپ بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى: يېڭىلا ئوپېراتسىيىدىن چىققان كېسەل «پۇش-پۇش» تىنىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە، سېستىرالارغا، ھەربىر كېسەلگە بېرىلىدىغان دورا، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئېنىق كۆرسەتمىلەر بەردى. ئاندىن، ئىشتىن قايتماققا تەييارلاندى.

—دۇت....دۇت!!!...

—دۇت... دۇت... دۇت!!!

ماڭلىيىدا «+» بەلگىسى بار ماشرەڭ بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى جىددى سىگنال بېرىپ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھايال ئۆتمەي نوسىلكىغا ياتقۇزۇلغان كېسەل دىجۇرنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدى. بۇ-تەخمىنەن 25 ياشلار چامىسىدىكى خەنزۇ ئايال بولۇپ، چىرايى ئادەتتىن تاشقىرى تاتىرىپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، قولى بىلەن ھېلى قوسىقىنى، ھېلى كۆكرىكىنى مۇجۇپ، «ئەييا-ئەييا...» دەپ نالە قىلاتتى.

گەرچە، رەيھان ھازىرلا ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ئۆيىگە قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، دوختۇرلارغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىق ئۇنى كېسەلنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

كېسەل قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى. پۇت-قوللىرىنى تۇتۇپ باققاندا مۇزلاپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تېز قۇتقۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ،-دەپ ئويلىغان رەيھان، ئۆزىدىن ئىش ئۆتكۈزۈۋالغان ياش دوختۇر شياۋفاڭغا قارىدى.

شياۋفاڭ—تېببىي ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن دوختۇر بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەۋاتقىنىغا كۆپ بولمىغانتى. شياۋفاڭ كېسەلنى يۆتكەپ كەلگەنلەردىن قىسقىچە ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، رەيھاننى كۆزى بىلەنچاقىرىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

—رەيھان ھەدە،-دىدى ئۇ خىجالەت بىلەن،- سىز ئەتىدىن بېرى ناھايىتى چارچىدىڭىز، ئۇسەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى،- ئەمما، ئۆزىڭىز بىلىسىز، مېنىڭ تەجرىبەم يوق، ئەھۋالدىن قارىغاندا كېسەلنىڭ ئەھۋالى جىددىيرەك كۆرۈنىدۇ. ناۋادا...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي رەيھانغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

نېمە قىلىش كېرەك؟

قائىدە-رەسمىيەت بويىچە بولغاندا، رەيھاننىڭ بىر كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتى ئاياقلاشتى. ئىشنى

شياۋفاڭغا ئوتكوزۇپمۇ بولدى. شۇڭا ئۇ ئويگە خاتىرجەم كېتەۋەرسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا... رەيھان شياۋفاڭنىڭ ئوزىگە ئۇمىتلىنىپ قاراۋاتقان كوزىدىكى ياشلاپ بىرپەس ئويلاپ قالدى...

ئويدە ئۇنىڭ كىلمىشىنى توت كوزى بىلەن كۇتۇۋاتقان 8 ياشلىق ئۇماق قىزى گۇلشەنگە كىم قارايدۇ، يولدىشى قاسىم تېخى بېيجىڭدىكى ئوقۇشتىن كەلمىدى، ئۇ بولغان بولسىغۇ مەيلىتتى...

ياق، مەن بۇكېسەللىنىڭ ھاجىتىدىن، شۇنداقلا شياۋفاڭنىڭمۇ ھاجىتىدىن چىقىشىم كېرەك!

رەيھان شۇنداق قارارغا كەلدى-دە، شياۋفاڭغا ھارغىن كوزلىرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ قارىدى:

— يۇرۇڭ، ئىككىمىز بىرلىكتە ئۇنىڭ كېسىلىنى تەكشۇرۇپ كۇرەيلى!

ئۇلار ئىچكەركى ئويدىن چىقىپلا، كېسەلنى جىددى قۇتقۇزۇش بولۇمىگە يوتكەپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن، رەيھان ھازىرلا ئۇچىمىدىن سېلىۋەتكەن خالات ۋە باشقا ئىش كىيىملىرىنى كىيىپ، تەكشۇرۇشكە ماڭدى...

× ×

— ئانا؟... ئانا، كوزۇڭنى ئاچساڭچۇ!

«مەن ھېلىقى كېسەلنى تەكشۇرۇشكە ئالدىراۋاتسام، گۇلشەن بۇيەردە ۋاقىرايدىغۇ؟... بالىنى يامان كوندۇرۇپ قويۇپتىمەندە، ئۇ بۇيەرگە نەدىن كېلىۋالدىكىنە؟... مەيلى، ئۇ ئىچاقىرىۋەرسۇن، مەن دەرھال جىددى قۇتقۇزۇش بولۇمىگە بارمىسام بولمايدۇ، شياۋفاڭنىڭ ئەمىلى ئىقتىدارى ماڭا مەلۇمغۇ...»

— ئانا!... ئانا، كوزۇڭنى ئاچقىنا!...

رەيھان بۇقېتىم قىزىنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى، ئۇكوزىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاچتى. گۇلشەن ياش يۇقى كوزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قاراپ تۇراتتى.

«...ئۇنىمىشقا يىغلىغاندۇ، بالىلار ئۇنىڭ قوچىقىنى ئىلىۋالغانمىدۇ-يە، قوسىقى ئېچىپ قالغان بولمىسۇن يەنە،... ئاپلا، ئەتىگەندىن بىرى ئالدىراشلىق ئۇستىگە ئالدىراشلىق بولۇپ، ئويگىمۇ بارالمىدىم. توغرا، قىزىمنىڭ قوسىقى ئېچىپ كەتكەن گەپ، بولمىسا نىمىشقا يىغلايدۇ؟...» رەيھان ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنىڭ ياشلىرىنى سۇرتمەكچى. ئاندىن ئۇماق قىزىدىن ئەپۇ سوراپ، قىلىدىن ئىنچىكە سوزۇپ لەغمەن قىلىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇ«بالا بىلەنمۇ كارىم بولماپتۇ»دەپ ئوزىنى ئەيىپلىمىدى-دە، تاماققا تۇتۇش قىلغىلى ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، تۇرماقچى بولدىيۇ، كوزلىرى ئوز-ئوزىدىن يۇمۇلۇپ، ئاستا-ئاستا ئۇيقىغا كەتتى.

رەيھاننىڭ مۇشۇنداق بىرئوزىنى بىلمەي، بىربىلمەي ياتقىنىغا 4سائەتتىن ئاشتى. نۇۋەتچى دوختۇر ئۇنىڭ ئۇيقىغا كەتكىنىنى كورۇپ، تومۇرنىڭ سوقۇشى، يۇرەك ھەركىتىنى تەكشۇرگەندىن كېيىن ئەتراپتىكىلەرگە:

— نىرۋا پائالىيىتىنىڭ جىددىلىشىشى، ئېغىر دەرىجىدە چارچىغانلىقتىن ھوشىدىن كەتكەن، چوڭ خەتەر يوق،- دېدى.

شياۋفاڭ، دوختۇرنىڭ ھوكۇمىدىن كېيىن يېنىككىنە «ئۇھ» تارتتى-دە، گۇلشەننىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

—گۇلشەن، ئاناڭ بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇخلىتىپ قويدۇق، سەل تۇرۇپ ئويغىنىدۇ،-دېدى. (بۇ ھەم راست، ھەم بالىنى پەپىلەش ئۇچۇن ئېيتىلغان سوز، ئەلۋەتتە.)

شياۋفاڭ ھەدە، ئانام ئاخشام ئويگە بارمىدى، مەن قورقتۇم، قوسىقىم ئېچىپ يىغلىدىم،- گۇلشەن بالىلارچە چۇچۇك تىلى بىلەن سوزىنى داۋام قىلدى، ئېيتىڭا، نىمىشقا ئىشتىن چۇشۇپلا ئويگە قايتمىدى ھە؟ماڭا لەغمەن ئېتىپ بەرمەكچىدى تېخى،-...

ئۇئانىسى ياتقان كارۋات تەرەپكە قاراپ قويدى. شياۋفاڭ گۇلشەننى قۇچىقىغا ئولتارغۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ماڭلىيىغا سويۇپ قويۇپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى:

— ئانىڭنىڭ ئۇيگە قايتىپ ساڭا تاتلىق تاماق ياساپ بەرگۈسى بار ئىدى، ئەمما...

شياۋفاڭ گۇلشەنگە ھەممە ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىشنى ھاجەتسىز دەپ بىلدىمۇ، ياكى 8 ياشلىق بالاگە پىلىرىمنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى-دە، رەيھانغا قارىغىنىچە ئالدىنقى ئاخشامدىكى ئىشلارنى كۆڭۈل خاتىرىسىدىن بىر-بىرلەپ ۋاراقلاشقا باشلىدى...

x x

رەيھان كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، تىڭشىغۇچ بىلەن يۈرەك ھەرىكىتىنى بىر پەس تىڭشىدى-دە، شياۋفاڭغا:

— تومۇرلار ھەرىكىتى ناھايىتى ئاجىز، «ئالامىن دۇبىرئەن»نى ئاسما قىلىپ تومۇرىغا تامغۇزايلى، — دېدى. ئاندىن كېسەلنىڭ قولىغىدىن قان ئېلىپ ئانالىز بولۇمىگە ماڭغۇزدى. بۇ ئارىدا كېسەلنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئاجىزلاپ تېمپىراتۇرىسى 35 گىرادۇسقا چۈشۈپ قالدى.

كىسلاروت پۈركۈتىلىپ، 250 گىرام قان سېلىنغاندىن كېيىنمۇ ئالاھىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى.

شياۋفاڭ رەيھاننىڭ چىرايىغا قارىسا، رەيھان كېسەلنىڭ چىرايىغا قارىماقتا ئىدى. كېسەلنى قۇتقۇزۇشتىن باشقا خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمەيتتى. جىددىي قۇتقۇزۇش بولۇمى شۇنچىلىك تىمتاس ۋە تىنچىق مەلۇم بولاتتىكى، ئۇنىڭ پىشانىسىدىن مونچاق-مونچاق تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.

بىر پەستىن كېيىن ئانالىز بولۇمىنىڭ خۇلاسىسى كەلدى. ئۇنىڭدا: «پان كىرىيا تىمىن خىزمىتىنىڭ يۇقىرىلاپ 500 دىن ئېشىپ كەتكەنلىكى» دوكلات قىلىنغان ئىدى.

رەيھان ئانالىز قەغىزىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئانالىز خۇلاسىسىغا قاراپ، ئاشقازان ئاستى بېزى ۋۇسپا ئىچىمىسى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلدى. «ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — ئوپېراتسىيە قىلماقتىن باشقا چارە يوق، ئەمما بۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ ئوندىن توققۇزى ساقىيالمايدۇ، بۇھالدا ئوپېراتسىيەدىن ساق چىقىشى ناتايىن...»

رەيھان كېسەلنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن، ئۇنىڭ تويلاشقىنىغا ئاران 20 كۈن بولغانلىقىنى، يالغۇز بىر بالا ئىكەنلىكىنى، ئەر-خاتۇنىنىڭمۇ قەۋەتلا ئامراق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ بەھۇش ياتقان كېسەلگە قارىدى.

تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاۋ دوختۇر چاقىرتىپ كېلىندى. ئۇ رەيھاننىڭ كېسەل ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشى ۋە قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېسەل تەرەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قىسقىچە پاراڭلاشتى.

دوختۇرلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن كېسەلنىڭ يولدىشى تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان كۆزياشلىرىنى تەستە توختىتىپ:

— ئارماندا قالماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارە-ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلىمەن-دېدى-دە ئوپېراتسىيە قەغىزىگە قول قويدى.

رەيھان كېسەلنى ئوپېراتسىيە ئۆيىگە يۆتكەشنى بۇيرىدى. ئاندىن قولنى يۇيۇپ ئوپېراتسىيىگە تەييارلانغاندا، سىرتتىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— مەن قوشۇلمايمەن! ئوپېراتسىيە دېگەن بىر ئادەمنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن باغلىق ئىش، ئەشۇ ئۇيغۇر ئايال بۇنداق مۇرەككەپ ئوپېراتسىيىنى قىلالامدۇ؟...، — دېگەن ئاۋاز كىرىپ قالدى. شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ رەيھاننىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقىغا سوزۇلغان قولى گويا توك سىمىغا تېگىپ كەتكەندەك

«لاسىدا» پەسكە ساڭگىلاپ چۈشتى...

جاۋ دوختۇرنىڭ قولى رەيھاننىڭ يەلگىسىگە يېنىككىنە تەككەندە سائەت 12 دىن ئاشقان ئىدى. ئۇ گويا ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، بېشىنى يەردىن كۆتەردى. جاۋ دوختۇر ئۇنىڭغا مېھرىۋانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— قېنى باشلاڭ، — دېدى جاۋ دوختۇر، مەن سىزگە ياردەمچى بولىمەن.

— كېسەلنىڭ ئائىلىسى تەرەپ...

— بولدى، تېز بولۇڭ. بىز ئاق خالاتلىق جەڭچىلەر ئۆز ئەمەلىيىتىمىز، تېخنىكا ئىقتىدارىمىز ئارقىلىق، ھەم كېسەللەرنى ھەم ئائىلە-تەۋەلىرىنى خاتىرجەم ۋە رازى قىلالايمىز.

رەيھان جاۋ جۇرېننىڭ ئىلھامبەخش سۆزىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دەرھال ئوپېراتسىيە ئۈستىلى ئالدىغا مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كەلدى.

رەيھان، شيا ۋفاڭ ھەم ياردەمچى سېستىرانىڭ ماسلىشىشى بىلەن نازۇك قوللىرىنى چاققان ھەركەتلەندۈرۈپ، كېسەلنىڭ قوساق قىسمىنى ئاچتى. مەلۇم بولدىكى، كېسەل ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچقا كىرگەن. ئۇنىڭ ئاشقازان ئاستى بېزى سېسىپ تېشىلگەن، قان-يىرىڭ ئارىلاش زەرداپسۇ قوساق بوشلۇقىغا چۈشكەن ئىدى.

رەيھان ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر ئىشقا دۇچ كەلدى: ئۇ بولسىمۇ ئۈچەي ئېغىزىدا ئۆسمە بارلىقى ئىدى. ئۆسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش، 2مىڭ CC زەرداپسۇنى شۈمۈرتۈپ چىقىرىپ تاشلاش، ئاشقازان ۋە قوساقنى يۇيۇپ تازىلاش ھەم ياماش، كەينىدىن ئاققۇزۇش نەيچىلىرىنى بېكىتىش... قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇرەككەپ ئىشلار تامام بولغاندا سائەت 5 كە يېقىنلاشقان بولۇپ، رەيھاننىڭ ھېرىپ ھالى قالمىغان ئىدى.

كېسەل ساق-سالامەت ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىلدى، ئۇقولىنى يۇغاندىن كېيىن، كېسەلنىڭ قان بېسىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بەدەندىكى زەھەرلىنىش ئالامەتلىرىنى يەڭگىللىتىش، مىكروپقا قارشى كۈچىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە ھارمونلۇق دورىلارنى ۋاقىتدا قان سېلىش ئىشلىرىنى كېسەل خاتىرىسىگە تەپسىلىي يازدى-دە، بۇ بىر مەيدان جەڭنى تامام قىلدى.

پەقەت شۇچاغدىلا قورسىقىنىڭ ناھايىتىمۇ ئاچقانلىقىنى، ئاشقازىنىنىڭ «دۇمباق چېلىۋاتقىنى»نى (رەيھان تەسادىپى يادىغا كېلىپ قالغان بۇ سوزدىن سىزىقىغا كۈلۈپ قويدى) ئويلىدى.

تۇساتتىن قىزى يادىغا كەلگەن رەيھاننىڭ بىرتال پلا ئۆيىگە بارغۇسى، قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكۈسى كېلىپ كەتتى. چۈنكى بالا دېگەن يۈرەكنىڭ پارىسى-دە.

دوختۇرخانىنىڭ كىچىك ماشىنىسى رەيھاننى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويغاندا، ئۇيقۇسىدىكى خورازلار ئاللىقاچان بوغۇق ئاۋازلىرى بىلەن سوزۇپ-سوزۇپ قىچقىرىشقا باشلىغان ئىدى...

x x

— ھەدە، ئانام ئويغانمايدىغۇ، ئېيتىڭا، ئۇ تېزراق ئويغانسۇن...

گۈلشەننىڭ ساددىلىق بىلەن ئېيتقان سۆزىدىن ئېسىنى يىققان سېستىرا، رەيھاننىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كېلىپ، ئەدىيالنى خېچىپ قويغاندىن كېيىن، ئاستا ئوكۇل قاچىسىغا يەنە بىر بوتۇلكا گىلىيوكوزا ئىلاپ، ئاندىن گۈلشەننى قۇچىقىغا ئېلىپ دېدى:

— ئوبدان قىز، پاراڭ سالما، ئاناڭ ئەمدىلا ئۇخلىغىلى ياتتى ئەمەسمۇ، بىر ئاز ئۇخلىۋالسۇن.

گۈلشەن ئانىسىغا تەلمۈرۈپ بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن شيا ۋفاڭدىن سورىدى:

— ھەدە، ئانام ئۆيگە بېرىپلا يىقىلىپ چۈشتى، ئاغزىدىن ماغزاپ كەلدى، مەن چىقىراپ يىغـ

لمساممۇ كوزىنى ئاچمىدى، نىممىشقا شۇنداق قىلمىدۇ-ھە؟

— ئانا! تۈنۈگۈن كېچە بەكمۇ چارچاپ كەتتى. ھاردۇق يەتكەن گەپ. ھېلىمۇ ياخشى سىڭلىنىڭ ئويغىنىپ يىغلىغىنىڭ، بولمىسا خوشنىلار ئانا ئىنىڭ ئەھۋالىدىن قانداق خەۋەر تاپالايتتى. ئۇ گۈلشەن ئاران ئاڭلىغىدەك قىلىپ سوزلىدى، ئاندىن ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ماڭلىيىغا سويۇپ قويدى.

رەيھاننىڭ ئاغزىدىن كوۋۈك كېلىپ، چىشلىرى كىرىشىپ قالغىنىنى يادىغا كەلتۇرگەن گۈلشەن قانداقتۇ ۋەھىمىلىك ھالدا، ئانىسىغا قورقۇپ-قىلىپ يەنە بىر قاراۋالدى-دە، شياۋفا ئىنىڭ قۇچىقىغا بەكراق چاپلاشتى. ئۇ نىممىشقا شۇنداق بولغىنىنى بىلمەيتتى، ئەمما كېچىدىكى ئىشلار گويا قورقۇنۇچلۇق چۈشتەك كوز ئالدىغا كېلىۋالغاچقا، ئۇ يىلماي دىممۇيەدىدىن كەتكىلى ئۇنىما يۋاتاتتى.

x x

— گۈلشەن،... گۈلشەن؟!

ئۇز ئىختىيارىغا بويسۇنماي ۋاتقان پۇتلىرىنى ئاران-ئاران يوتكەپ ھويلىغا كىرگەن رەيھان، داقسۇپىدا تۈگۈلۈپ ياتقان گۈلشەننى چاقىرغاچ، ئۇنىڭ چاك باسقان مەڭزىدىكى ياش ئىزلىرىنى، قولىدا چىڭ تۇتۇپ ياتقان غاجىلانغان قاتتىق ناننى كورۇپ، يۈگۈرۈپ دىگىدەك قىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى.

نىمەشقىدۇ تامچىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش گۈلشەننىڭ مەڭزىگە تامغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۇيقۇلۇق كوزلىرىنى غۇۋا ئېچىپ، ئانىسىنى كوردى.

ئۇ پەقەت شۇچاغدىلا مەڭدىگەن ھالدا:

— ئانا، قوسىقىم ئېچىپ كەتتى، نان قاتتىقكەن يىگۇم كەلمىدى،— دەپ گۈدۈگشىغىنىچە ئىسەدەپ، ئۇلۇغ- كىچىك تىنىدى.

— ئۇماق قىزىم، خاپا بولما، ماما، ئانا[…]
ساڭا ھازىرلا ئاش ئىتىپ بېرىدۇ. نىمە يىگۈڭ[…]
بار قىزىم؟

— لەغمەن، لەغمەن ئىتىپ بەرگىن.

— ماقۇل قىزىم، ماقۇل، مەن ساڭا ھازىر[…]
لەغمەن سېلىپ بېرەي.

رەيھان قىزىنى ئاۋايلاپ قىنا كورپە ئۈستى[…]
گە ياتقۇزۇپ قويۇپلا، بېشىنى رۇسلىدى. ئەم[…]
ما بېشى «پىر-ر پىدە» قىلىپ ئايلىنىپ، كوز[…]
گە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ، سۈپىنىڭ يان تە[…]
رىپىدىكى تامغا يولىنىۋېلىشىنى غىل- پال خىي[…]
يالىدىن ئوتكۇزدىيۇ، ئوزىنى توختىتالماي[…]
لە يىلىگىنىچە سۈپىنىڭ لىۋىدىكە «گۈپ» قىلى[…]
يىقىلدى ۋە دۈمۈلىغىنىچە سۈپىدىن يەرگ[…]
چۈشۈپ كەتتى.

رەيھاننىڭ ئاغزىدىن بوژۇلداپ ماغزاپ[…]
كەلدى، چىشلىرى بىر-بىرىگە كىرىشى[…]
كەتتى.

ئالىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن گۈل[…]
شەن ئانىسىنىڭ بۇئەلپازىدىن قورقۇپ كەت[…]
كەچكە، چىقىراپ يىغلىغىنىچە تالاغا چىقتى.

گۈلشەننىڭ ئەنسىزچىقىراپ يىغلىغان ئا[…]
ۋازى سەھەر ئاسمىنىدا ياڭراپ، بۇئەتراپنى[…]
بىر ئالدى. گۈلشەن ئولتۇرۇشلۇق قورۇدىك[…]
خەنزۇ خولۇم-خوشنىلار يىغا ئاۋازىدىن ئو[…]
غىنىپ كەتتى.

ئالدى بىلەن، رەيھانلارنىڭ يان خوشنى[…]
پىشقەدەم كادىر لاۋجۇ كىرىپ، ئەھۋالنى كور[…]
گەندىن كېيىن، باشقىلارنى چاقىردى.

لاۋجۇ رەيھاننى سۈپىغا ئالدى[…]
ئۇنىڭ چىكىلىرىنى بىر پەس ئۇۋۇلىدى، ئاغز[…]
قا ئىنا قېتۇتا مغۇزدى، ئىش كورگەن تەجرىبىلى[…]
راق بىرسى رەيھاننىڭ كالپۇك ۋە قولا قلىر[…]
نى چىمداپ، بۇرۇن ئاستى پەللىسىگە ت[…]
نىغىنى پاتۇرغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزا[…]
«خارت» قىلىپ تىنىق يورۇشتى ۋە كوكورۇ[…]
تارتىشىپ كەتكەن پۇت- قوللىرى بوشاشق[…]
باشلىدى.

كىمدۇ بىرسى چاقىرىپ كەلگەن شوپىرلاۋ-
ياڭ ئەھۋالىنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرگەندىن
كېيىن، كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەل-
دى-دە، رەيھاننى قول-قولىچە كۆتۈرۈپ ماشى-
نىغا سېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ تېز كۈرۈش بۆ-
لۈمىگە يۆتكەپ كەلدى...

× ×

رەيھان ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى،
قۇچاغدا كۆن ئىككى لەنگەن بولۇپ، ئىچكى كې-
سەللەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ۋە باشقا بىر
قەچچە كىشىلەر ئۇنىڭ كارۋىتى يېنىدا ئولتۇ-
راتتى. رەيھاننىڭ كۆزىنى ئاچقىنىنى كۆرۈ-
شۈپ، تەرەپ-تەرەپتىن:

—رەيھان دوختۇر، ئۆزىڭىزنى قانداق-
راق ھېس قىلىۋاتىسىز؟

—خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرام-
سىز؟ — دەپ ھال سوراشتى.

—خېلى ئوبدان بولۇپ قالغاندەك تۇرى-
مەن، — دەپ جاۋاپ بەردى
رەيھان ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا، ئاندىن يان
تەرەپتە قاراپ تۇرغان ئۆز بۆلۈم دوختۇرىغا قاراپ سورىدى:

—ھېلىقى، ئوپېراتسىيەدىن چىققان خەن-
زۇ يولداشنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يوقتۇ؟

—ئۆزگىرىش يوق، ئۆزگىرىش يوق،
ئاھايىتى تېچ ئۇخلاۋاتىدۇ. ئەنە، بۇياق
ئۇنىڭ يولدىشى، ئاۋۇسى ئاتىسى، بۇلار
سىزدىن ئەپۇ سورىغىلى كەلدى، — دېدى كۈلۈم-
سىرەپ.

—يولداش، بىزنى كەچۈرۈڭ، كېچە بىز سىزنى
بىر ئاز رەنجىتىپ قويدۇق. بىز سىزنىڭ مۇ-
ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەنى مۇۋاپ-
پەقىيەتلىك قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەپتۇق،
بىز تېخى...

ئۇلار — ئانا-بالا ئىككىسى خىجىللىق
بىلەن رەيھاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

—ئەسلىدە، — دېدى جاۋچۇرېن، — بۇلار
سىزنىڭ ئوپېراتسىيە ماھارىتىڭىزدىن گۇمان-
لىنىپ، سىزنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشىڭىزغا
رازى بولمىدى، خىزمەت ئىشلەشكە توغرا
كەلدى، سىز تاڭغا يېقىن تېز كۈرۈش بۆلى-
مىگە ھوشسىز ھالدا يۆتكەپ كېلىنگەندە،
ئۆزىمەي ئىشلەشنىڭ ئۈستىگە روھى جەھەت-
تە ئازار يەپ كېسەل بولغىنىڭىزنى ئاڭلاپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىپ قويغان بىرنەچچە ئېغىز
سۆزلىرىگە ناھايىتىمۇ خىجىل بولدى. مانا
ئەندى سىزدىن ئەپۇ سوراپ كېلىشىپتۇ.

رەيھاننىڭ كېسىلى بىردىنلا يەڭگىل-
لەپ قالغاندەك بولۇپ، قەلبىنى ئېيتقۇسىز
بىر خوشاللىق چۇلغىۋالدى.

—دوختۇرلارمۇ كېسەل بولامدۇ، — دېدى
ئۇ ھېلىقى ئىككەيلەنگە قاراپ، مەن پار-
تىيە رەھبەرلىكىدە، ئازسانلىق مىللەتلەر
ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئادەتتىكى دوخ-
تۇر، كېسەللەر ۋە كېسەل ئىگىلىرىنى گەپ
بىلەن ئەمەس، موھىمى ئەمەلىي ئىقتىدار
ۋە داۋالاش ئۈنۈمى ئارقىلىق قايىل قىلىش
بىز ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرنىڭ بورچىمىز...

—بولدى، سۆزلىمەڭ رەيھان دوختۇر، —
دېدى ھېلىقى ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئايال-
نىڭ يولدىشى رەيھاننى سۆزلەشتىن توسۇپ،
—بىز كوپ ھاللاردا ئەمەلىي نەتىجىگە قارى-
ماي، ماھىيەتتىن بۇرۇن ھادىسىنى كۆرى-
مىز، سىزنىڭ ئۆزىمەي ئىشلەش، تېخنىكا سە-
ۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن كېسە-
لەرنىڭ ئازاۋىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن تەر
تۆكۈشتەك روھىڭىز — بىزگە ئۈرنەك، رەھمەت
سىزگە!

رەيھاننىڭ كۆزلىرى ياشتىن نەملەشتى
لەۋلىرىگە كۈلكە ئۇلاشتى.

# يېڭى يېزىلغان شېئىرلار

جىبران خەلىل جىبران (لىۋان يازغۇچىسى)

## ناخشا

مېنىڭ چوڭقۇر قەلبىمدىن چىققان ناخشىلار، سۆزدىن توقۇلغان كىيىملەر بىلەن ھېچقاچان كېلىشەلمەيدۇ. ناخشا مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ياشايدۇ ۋە سىيا بىلەن قەغەزگە تۆكۈلۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ، مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى ئەينەكتەك پاقىراپ تۇرغان پەردە بىلەن ئوراپ ئالغانلىقىدىن، ھېچقاچان مېنىڭ تىلىمدىن شولىگەي بولۇپ ئاقمايدۇ.

مەن ئېغىزىمنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ تۇرغىنىمدا، قانداق قىلىپ نەپەس چىقىرالايمەن؟ ناخشا مېنىڭ قەلبىمگە سىڭىپ كەتكەن چاغدا ئۇنى كىمگىمۇ ئېيتالايمەن ۋە مەن ئۇنى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارنىڭ قوپاللىقىدىن قورقمامدىمۇ؟

ئەگەر سەن مېنىڭ كۆزۈمگە سەپسېلىپ قارىساڭ، ئۇ يەردە سەن ئۇنىڭ سايىسىنىڭ ئەكسىنى كۆرىسەن؛ ئەگەر سەن مېنىڭ بارماقلىرىمنىڭ ئۇچىغا قولۇڭنى تەككۈزسەڭ، سەن ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغانلىقىنى تۇيىسەن.

قولۇمنىڭ ھەركەتلىنىپ كېتىشى ئۇنى يۇلتۇزلارنىڭ پاقىراشلىرى كۆلدە كۆرۈنگەندەك كۆرسىتىدۇ، ئۇنى مېنىڭ كۆز ياشلىرىم خۇددى تومۇزكۇنلىرىدە ئىسسىقتا ئەندىشىدە قالغان قىزىلگۈلنى يوشۇرۇنغان شەبنەم تامچىسى ئېچىلدۇرغاندەك ئاچىدۇ.

بۇ جاننىغا ئارام بېرىپ چوقانلارنى باسىدىغان ناخشا؛ ئۇنى جۇشىدە تەكرارلايدۇ. لېكىن ئۇخىدا يوشۇرىدۇ.

ھەي ئىنسانلار، بۇ مۇھەببەت ناخشىسىغۇ! بۇ ناخشىنى قانداق ئىسھاق(1) ئېيتالايدى... ھەتتا قايسى داۋۇتنىڭ ئاۋازى ئۇنى باسالا... دۇ؟

ئۇ، جەسمىنىق خۇشپۇراقلىق گۈلدۇر، قا... داق لەۋئۇنى قىزىل قىلالايدۇ؟ ئۇ قىزلارنىڭ... قىممەتلىك سىرلىرىدۇر، قانداق تارىلا... ئۇنى پاش قىلالايدۇ؟

كىم بۇلبۇل ئاۋازىنى دولقۇن ئاۋازلى... رى بىلەن بىر-بىرىگە قوشالايدۇ؟ كى... بوۋاقنىڭ نەپسىنى كۆچلۈك بورانلار بىلەن... باغلاپ قويالايدۇ؟

قايسى بىر ئۆلەرجان خۇدا ناخشىسىنى... ئېيتالايدۇ؟

## دولقۇنلار ناخشىسى

مەن ۋە قىرغاق-ئاشىق- مەشۇقىمىز؛ بىزلى... ئىشقىۋازلىق يېقىنلاشتۇرىدۇ، ھاۋا ئايرى... دۇ. مەن ئۇنىڭ ھاۋارەڭ شەپەقلىرى ئوچۇ... كۆمۈچ كوۋۇكلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ئالتۇن... قۇملىرىنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ... يۈرىكىدىكى ئىسسىقنى ئۆزەمنىڭ نىمە... بىلەن سوۋۇتقىلى كېلىمەن.

(1) ئىسھاق ماسۇلىتىسى (ئەلما ئۇسەلى... مەشھۇر ناخشىچى ۋە ھارۇن ئەررەشىد دەۋ... رىنىڭ مۇزىكانتى (786_809_يىللار)

چەتئەل ئەدىبىياتىدىن

تاڭ سەھەردە مەن دوستۇمنىڭ قولىغا مۇھەببەت ۋەسىيەتلىرىمنى ئاستا پىچىرلاپ ئېيتىپ بېرىمەن ۋە ئۇ مېنى كۆكسىگە قىسىپ قۇچاقلايدۇ. كەچقۇرۇنلىرى مەن ئۇنىڭغا ئىشقى دۇئالىرىمنى ئوقۇيمەن، ئۇ مېنى قۇچاغلاپ سۆيىدۇ.

مەن تەرسا، ئەندىشچانمەن، مېنىڭ يارىم بولسا سەۋر-تاقەت، ئىتتىپاق ۋە چىداملىق بىلەن دوست.

تاشقىن بولغاندا ئۆزەمنىڭ يارىمنى قۇچاغلايمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ قايتقاندا مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزەمنى تاشلايمەن.

دېڭىز قىزلىرى دېڭىزنىڭ تېگىدىن چىقىپ يۇلتۇزلارغا تاماشا قىلىپ، ھاڭ تاشلار ئۈستىدە ئولتۇرغانلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئوپچۆرىسىدە بىر نەچچە قېتىم ئۇسۇلغا چۈشكەن ئىدىم، مەن نەچچە-نەچچە قېتىم ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدا شىكايەت قىلغانلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئاھ-زارلىرىغا ياردەم بەرگەن ئىدىم. مەن ھاڭ تاشلار بىلەن نەچچە-نەچچە قېتىم سوھبەت قىلدىم — لېكىن ئۇلار كىكەچ ئىدى ۋە ئۇلار بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئويناشتىم، — لېكىن ئۇلار كۈلمىدى. مەن تەنلەرنى قانچىلىغان پالاكەتلەردىن قۇتقۇزدۇرۇپ، ئۇلارنى تىرىك ئېلىپ كەلدىم. قانچىلىغان مەرۋايىتلارنى دېڭىز چوڭقۇرلىقىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى گۈزەللىك ئىگىلىرىگە ھەدىيە قىلدىم. مەن ئۆگدەك شەپىلىرى بارلىق ھاياتىنى ئوراپ ئالغان جىمجىتلىق كېچىلەردە ناخشا ئېيتىمەن، ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ سەگەك بولدۇم ماڭا ئىنتايىن ئېغىر! ئۇيقۇسىزلىق مېنى ھالسىزلاندۇردى.

لېكىن مەن ئىشقى-مۇھەببەتكە بېرىلگەنمەن. مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى — سەگەك بىلۇشتۇر.

مېنىڭ ھاياتىم ئەنە شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر تىرىك بولسام، شۇنداق قىلىمەن.

## يامغۇر ناخشىسى

بىز خۇدا يۇقۇرىدىن تاشلايدىغان كۈمۈچ يىپلاردىن؛ بىزنى تەبىئەت ئېلىۋېلىپ، ۋادىلارنى بىزەندۈردى.

بىز ئاستارتىنىڭ (1) تاجىسىدىن تۆكۈلگەن مەرۋايىتلار، بىزنى تاڭ قىزى ئوغۇرلىۋېلىپ، ئېتىزلارغا تۆكتى.

مەن، يىغلىسام تۆپىلىكلەر كۈلىدۇ؛ مەن تۆۋەنگە قاراپ چۈشسەم گۈللەر ياشىرىپ ئۆسۈشكە باشلايدۇ.

بۇلۇت ۋە دالا ئاشىق-مەشۇقتۇر، مەن بولسام ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى خەيرىخاھلىق خەۋەرچىسى. مەن تۆكۈلۈپ بىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئىككىنچىسىنى غەم-قايغۇدىن ساقلاپ قالىمەن.

گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى بىلەن چاقماقنىڭ قىلىچى مېنىڭ كېلىشىمدىن دېرەك بېرىدۇ، ئاسماندىكى راۋاق مېنىڭ سەپىرىمنىڭ تامام بولغىنى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. بۇ يەردىكى ھايات غەزەپلىك ئانىنىڭ ئايىغىدا ئەنە شۇنداق باشلىنىپ، يۇۋاش ئۆلۈم قولىدا شۇنداق تۈگەيدۇ.

مەن دېڭىز قەلبىدىن كۆتىرىلىپ، ئېغىر قاناتلىرىمدا كېتىپ بارىمەن. چىرايلىق باغلارنى كۆرگىنىمدە، پەسكە چۈشۈپ، گۈللەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن سۆيۈپ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى قۇچاقلايمەن.

جىمجىتلىقتا ئۆزەمنىڭ نازۇك بارماقلىرىم بىلەن خىرۇستاللىق دەرىزىلەرنى چېكىمەن، بۇ چېكىشلەر بولسا ناخشىلاردىن ئىبارەتتۇر، بۇنى ھوشيار يۈرەكلەر سېزىدۇ.

ھاۋانىڭ جەزىرىسى مېنى قايتىدىن تۇغدۇردى، مەن بولسام ھاۋا جەزىرىنى يوقىتىمەن؛

---

(1) ئاستارتا — قەدىمقى فىنىكا ھوسۇل خۇداسىنىڭ يۇنانچە نامى، ئاغلىق ۋە مۇھەببەت.

مەن — دېڭىز ئارامى، مەن — ئاسمان يېشى، مەن — دالا كۈلكىسى. شۇنداق قىلىپ مۇھەببەت — دېڭىز ئارامى، ئاسماندا تۇرۇپ ئويلاش — يېشى، دالىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىشىدۇ.

## گۈزەللىك ناخشىسى

مەن — مۇھەببەت يولىنى كۆرسەتكۈچى، مەن — جان ئۇچقۇنمەي، مەن — يۈرەك ئۇچقۇن ئوزۇق.

مەن — ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ياشلىق قەلبىگە ئاچقۇچى قىزىل گۈلمەن؛ مېنى قىزلار قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ، كوكرىكىگە تاقايدۇ.

مەن — بەختلىكلەر ئويى، مەن — خوشاللىقلار مەنبەئى. مەن — تېچلىقنىڭ باشلىنىشى.

مەن — قىزلارنىڭ لەۋلىرىدىكى نازۆك كۈلۈمسىرەش؛ مېنى ياش يىگىتلەر كورۈپ، ئۇلارنىڭ دەرتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى تاتلىق تۇيغۇلارنىڭ چىمەنزارلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

مەن — شائىرلارنىڭ ئىلھامچىسى. مەن — رەسساملارنىڭ رەھبىرى ۋە مۇزىكانتلارنىڭ ئۇستازى.

مەن — بوۋاقلارنىڭ كوزىدىكى قاراش؛ ئۇنى نازۆك ئانا كورۈپ، تىز لىنىپ تۇرۇپ، شۈكرى قىلىپ، خۇداغا دۇئا قىلىدۇ.

مەن — ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ھاۋا قىيا پەيتىگە كىرىپ ئۇنى قۇل قىلدىم؛ مەن — سۇلايماننىڭ ئىشقىغا چۈشۈپ، ئۇنى دانىشمەن ۋە شائىر قىلدىم.

مەن — يېلېناغا كۈلۈپ، تروينى ۋەيران قىلدىم؛ مەن — كېۋپاتىرغا تاج كىيگۈزدۈم ۋە نىل ۋادىسىنى خوشاللىق قاپلىدى.

مەن — خۇددى تەقدىردەك: بۈگۈن قۇرىمەن ۋە ئەتىلىككە ۋەيران قىلىمەن.

مەن — خۇددى خۇدادەك، خالىسام تىرىلدۈرىمەن، خالىسام ئۆلتۈرىمەن.

مەن — گۈلنىڭ پۇشنىڭ پۇرىغىدىنمۇ نازۆكرەك، مەن — بورانلاردىنمۇ كۈچلۈكرەك.

مەن — ھەقىقەتەن، ھەي ئىنسانلار! مەن — ھەقىقەتەن! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار بۇمۇ ياخشىراق.

## مۇھەببەت ھاياتى

باھار

تۇرنۇرنىڭدىن مەشۇغىم، جۇر تۇپىلىكلەر ئارا مېڭىپ باقايلى؛ قارلار ئالماچان ئېرىپ، ھايات ۋادىلار، قىرلار ئۇيقىدىن تۇرۇپ ئويغانماقتا. جۇر مېنىڭ بىلەن بىللە، يىراق ئېتىزلاردىكى باھار ئىزلىرىنى كورەيلى، جۇر، تۇپىلىكلەر چوققىسىغا چىقىپ، ئەتراپتىكى يېشىل ۋادىلارنىڭ تىترىشلىرىنى كورەيلى.

مانا ئەتىياز تېگى قاراڭغۇ قىشلاردا كىيىنگەن كىيىملىرىنى تاشلىۋەتتى؛ بۇنىڭغا شاپتۇل ۋە ئالما ياغاچلىرى خۇددى ئەرگە تېگىدىغان قىز تەغدىر كېچىسى① ياسانغانىدەك ياساندى. ئۈزۈم ياغاچلىرىمۇ ئويغاندى، ئۇنىڭ شاخلىرى خۇددى ئاشىق-مەشۇق قۇچاقلاشقاندەك بىر-بىرىسىگە يۆمەشتى. سۇلار خوشاللىق ناخشىلىرىنى تەكرارلاپ، تاشلار ئارىسىدىن ئىرغىشىپ شاقىراپ ئۆتتى؛ خۇددى دېڭىز كوۋرۈكلىرىدەك تەبىئەت يۈرىكىدىن چىققان گۈللەر كورۈندى.

جۇر، نارگىس گۈلىنىڭ ئۈستىدە قالغان يامغۇر سۇلىرىنى ئىچىپ كوڭلىمىزنى قۇشلارنىڭ خوشال-خورام ئېيتقان ناخشىلىرى بىلەن ئاچايلى، خۇشبۇي سالقىن شامالدىن نەپەس ئېلىشقا چاپسانراق بارايلى.

① تەغدىر كېچىسى (قۇدرەت تىلەك كېچە) — روزى ئېيى كېچىسى. بۇ كېچىدە ئاللاتائالا تەرىپىدىن قۇرئان چۈشكەن دېيىشىدۇ.

كۆلنەپشە يۇشۇرۇنغان ھاك تاش يېنىغا
ئولتۇرۇپ، مۇھەببەت سويگۇسى بىلەن پە-
كىر ئالماشتۇرايلى.

ياز.

قىممەتلىكىم، جۇرئىتىمىزغا بىللە بارايلى،
ئوما كۇنلىرى باشلاندى، تېرىلغۇ ئوزھايا-
تىنى ئايا قلاشتۇردى. ئۇكۇننىڭ تەبىئەتكە
بولغان مۇھەببەت ئىسسىغى بىلەن پىشىپ
تەييار بولدى. بىزنىڭ مۇھەببەت مىۋىلى-
رىمىزنى قۇشلار چوقىلاپ كەتكىچە ياكى چۇ-
مىلىلەر جەمىيىتى بىزنىڭ يېرىمىزنى بېسىپ
ئالغۇچە، بىزئۇلاردىن ئەۋەل يىتىۋالايلى.
بېرى كەلگىن، مۇھەببەت بىزنىڭ يۇرىكى-
مىزگە چاچقانسا داقەت ئۇرۇغىدىن بەخت
دانچىلىرىنى تىرىپ ئالغاندەك بىزمۇ يەر-
نىڭ مىۋىلىرىنى يىغىپ ئالايلى، ھايات
بىزنىڭ ھەممە تۇيغۇلىرىمىزنى تولغۇزغا نـ
دەك، بىزمۇ تەبىئەتنىڭ بايلىغى بىلەن ئامـ
بارلارنى تولغۇزايلى.

جۇر قىممەتلىكىم، كوكاتلارنى يېيىپ، بې-
شىمىزنىڭ ئاستىغا نازۇك سامان باغلىرى-
نى قويۇپ، ئاسمانغا پۇركىنىپ، ۋادىلاردا
كوللەرنىڭ كەچكى سوھبەتلىرىنى ئاڭلاپ،
كۇندۇزكى مېھنەتتىن دەم ئېلىپ ياتايلى.

كۇز.

جۇرمەشۇغىم، ئۇزۇملىكلەرگە بېرىپ، قەلب،
ئەسىرلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى يۇشۇرغانـ
دەك، بىزمۇ ئۇزۇمنى سىقىپ شىرنىسىنى قا-
چىغا يۇشۇرايلى؛ قۇرۇق مىۋىلەرنى يىغىپ،
بۇمىۋىلەرنىڭ شىرنىلىرىنى ئاجرىتىپ، ئوتـ
مۇش تارىخلىرىنى ئەسكە چۇشۇرەيلى.

جۇر، ئويگە قايتايلى! دەرەخلەرنىڭ يۇ-
پۇرماقلىرى سارغايدى؛ شامال خۇددى ياز
بىلەن خوشلىشىپ، غەم-قايغۇدىن ئۆلگەن
گۇللەرنى ئورايدىغاندەك، ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ
كەتمەكتە. جۇر كېتەيلى، قۇشلار باغلاردا جەسمۇق
گۇلنى يالغۇز قالدۇرۇپ، باغنىڭ خوشا للىـ
قىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، قىرغاقلار-
غا ئۇچۇپ كەتتى؛ ئاخىرقى كوز ياشلىرى
يەرئۇستىگە چۇشمەكتە.

جۇرقايتايلى! سۇلار ئېقىمىنى توختاتتى.
بۇلارنىڭ خوشاللىق ياشلىرى قۇرىدى، قىر-
لارچىرايلىق كىيىملىرىنى تاشلىدى، جۇرمە-
شۇغىم، تەبىئەتنى ئۇيقۇ قىزىقتۇرىۋاتىدۇ
ۋەئۇكوڭۇل ئاچىدىغان تەسىرلىك نىخاۋەند①
ناخشىسى بىلەن خوشلاشماقتا.

قىش.

يېقىنراق كەلگىن ئومۇرلۇك دوستۇم،
قېشىمغا يېقىن كەل، قارلارنىڭ نەپەس
ئېلىشلىرى بىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرى-
ۋېتىشكە يول قويما. بۇئوچاقنىڭ ئالدىدا،
مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن.
ئوچاق-قىشنىڭ يېقىملىق مىۋىسى.
ماڭا ئەسىرلەر ھەققىدە سوزلەپ بەرگىن.
مېنىڭ قۇلاقلىرىم بوران ئاۋازلىرىنى ۋە
تەبىئەتنىڭ تۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ چارچىدى.
ئىشىك ھەم دەرىزىلەرنى ياخشى ياپقىن.
تەبىئەتنىڭ غەزەپلىك مەنزىرىسى مېنىڭ كوڭـ
لۇمنى ئاغرىتىدۇ؛ قارئاستىدا قالغان يې-
زىلار گويا قارتېگىدە ئولتۇرغان تۇل ئا-
يالدەك كورىنىپ، يۇرىكىمىنىڭ قېنىنى ئا-
زايتماقتا... چىراققا ياغ قۇي، ئومۇرلۇك
دوستۇم، بولمىسا ئۇكوپ ئوتمەي ئۇچىدۇ.
تۇن سېنىڭ يۇزۇڭگە نىمە سىزغانلىغىنى
كورۇشۇم ئۇچۇن، ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا يې-
قىنراق قوي، قەدەھكە مەي قۇي... ئۇنى ئە-
چىپ ئۇزۇم يىققان كۇنلەرنى ئەسلەشەيلى.
يېقىنراق كەل، ماڭا يېقىنراق كەلگىن،
جېنىم مەشۇغىم، ئوت ئوچۇپ قالدى. ئۇنى
ھازىر كۇللەر كومىۋېتىدۇ... قۇچاقلا مېنى:
چىراق ئوچەپ قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئۇستىـ

① نىخاۋەند-ئىراندىكى بىر شەھەر بولۇپ،
ھازىرقى زامان ئەرەپ مۇزىكىسىنىڭ كۇيـ
دىن بىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

(ئاخىرى -بەتتە)

www.uyghurkitap.com





## ۋاڭجۇجۇن

بىرچىپار توخۇبولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى كەندىرچا ئىدى. كەندىرچا بىر توخۇم تۇغدى. بۇ قىزىلىشقىنە ئاپپاق توخۇم بولۇپ، خۇددى قاشتېشىدا ياسىغاندەك قانچە چىرايلىق دېسە شۇنچە چىرايلىق ئىدى.

بۇ، كەندىرچانىڭ تۇنجى توخۇمى بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتىكى، خوشاللانغانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈزى خۇددى ئاچىسىدەك قىپ-قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

كەندىرچا ھاياجانلانغان ھالدا كاتەكتىن ئاخلاپ يەرگە چۈشۈپلا ئۆيىدىن تالاغا يۈگۈردى. ئۇ، كىشىلەرنى ئىلدامراق خەۋەرلەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ مۇبارەك - ئاپىرىنلىرىنى بالدۇرراق ئاڭلىغۇسى كەلدى. ئۇ، ئىككى قەدەم ئالا-ئالمايلا ئىككىلەنگەن ھالدا توختاپ قالدى. ئاۋال باشقىلارغا ئېيتامۇ ياكى ئاۋال ئۆزەم قانغۇدەك كۆرۈۋالامۇ؟ - بىر قارارغا كېلەلمىدى.

كەندىرچا بىر پۇتى *بوسۇغىنىڭ ئىچىدە، بىر پۇتى بوسۇغىنىڭ تېشىدا تۇرغان ھالدا بېشىنى ساڭگايان قىلىپ ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان قارايتتى، قارىغانسېرى مەسىلىگى كېلەتتى، قارىغانسېرى پەخىرلىنەتتى. توخۇم گوياكى بىر سېرىق توك چوچىدەك، ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كەندىرچا ئۆزەم تېخى قانغۇدەك كۆرمىگەن تۇرسام، نېمىگە ئالدىرايتتىم؟ شۇنى دېمەمدىغان! دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يەنە كاتەكتىغا سەكرەپ چىقىپ، توخۇمنى ئوقلىنىپ بىرنى سويدى. ئاپلا! ئىسسىق يۇمشاق لىنىپ كېتىپ، كاتەكتىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىگەن كەندىرچا، شارت قىلىپ، قانىتى بىلەن توخۇمنى توسۇۋالدىۋە ئىسسىق توخۇمنى ئاۋايلاپ كاتەكتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ قويۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كەپسىز شۇمتەك، قورققىنىمدىن يۈرۈگۈم تاستىن قېپىمدىن چىقىپ كەتتى! — دېدى تىرىككەندەك قىلىپ.

كەندىرچا ۋاقتىنى بەك ئۇزۇن سوزۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، قانات قاققان پېتى ئۆيىدىن يۈگۈرەپ چىقىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا قاقىلىدى:

مەن بىر يوغان توخۇم تۇغدۇم،
تاق-تاق تاخاق، تاق-تاق تاخاق.
كۆرۈڭلار كۆپچىلىك ئىلدام كېلىپ،
تاق-تاق تاخاق، تاق-تاق تاخاق.

پۈتكۈل ھويلا ئاسمىنىدا كەندىرچانىڭ ھاياجانلىق ناخشا ساداسى ياڭرايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستى-بېشىدىكى گۈللۈك كىيىملىرى، ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ يېلىنەر-يېلىنەر ھالدا مىدىرلايتتى. ئۇنىڭ بىرجۈپ پارقىراپ تۇرغان باجۇڭگىرى ئورمانلىقتىكى قىزىل قىتتىن سىرلىق تەۋدىش چىقىراتتى.

ياز تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، چىڭقى چۈشتىكى ئاپتاپ جاھاننى قىزىتىۋەتكەن ئىدى. كۈن گويا ئوت پۈركىگەندەك، تېرەكنىڭ كەك ھەم پاخلان يوپۇرماقلىرىنى سولاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. بىرشامال چىققىش بىلەنلا، تېرەكلەردە گويا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ياپ-يېشىل قول ياغلىقى پولاڭلىدى.

كەندىرچانىڭ يۈرىكى بىردىنلا جىغغىدە قىلدى «ۋايىيەي، بۇ شامال توخۇمنى ئۇچۇرۇپ كاتەكتىن چۈشۈرۋەتمىسۇن يەنە!» بۇ خىيال ئۇنى دەرھال ئەنسىزلەندۈردى.

ئۇ، ئۇز ناخشىسىنىڭ بىرەر كىمگە ئاڭلان-
غان-ئاڭلانمىغا نلىقىنى قارىماي، بۇرۇ لۇپلا
بويىنىنى تۇپ-تۇز سوزۇپ، قۇيرۇغىنى پەس
تۇتۇپ، ئۇيىگە قاراپ كۇچىنىڭ بېرىچە يۇ-
گۇردى.

كەندىرچا ئەشكەتنى كىردىپلا، هاڭقىتىپ
قالدى.

كارۋاتتا هېچنىمە يوق ئىدى، ئۇنىڭ
جان-جىگىرى بولغان توخۇم كورۇنمەيتتى.

كەندىرچا چېگىلەپ يۇرۇپ ئۇي ئىچى-
دىن ئىزدىگىلى تۇردى. ئۇيىنىڭ بۇلۇڭىدا،
بىر قارا كۇلەڭگە ئۇنىڭ كوزىگە ئۇشتۇمتۇتلا
لىپپىدە چېلىقىپ قالدى. كەندىرچا ئەمدىلا
ئاپتاپلىقتىن كىرگەچكە، ئۇنىمىنى پەرق ئې-
تەلمەي كوزلىرىنى قىسىپ سىنچىكلەپ سەپ-
سالدى، قارىسا پۇتۇن ئەزايىنى كۇلرەڭ
تۇك باسقان ناهايىتى سەت بىر پىندەك ئىكەن.
ئۇنىڭ كىچىككىنە بېشىدا يۇمىلاقىنە بىرجۇپ
قۇلىغى دىڭ تۇرغىدەك، ئۇچلۇق تومشۇغىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە بىرنەچچە تال ئۇزۇن بۇرۇت-
لىرى تۇرغىدەك. كەندىرچا يەنە ئۇنىڭ پەل-
لىگىدە سۇرۇلۇپ تۇرغان بىر تال ئۇزۇنغىنا
تۇكسىز سىيدام قۇيرۇغىنى كورۇپ قالدى.

كەندىرچا گەپ سوراي دەپ ئېغىز ئېچى-
شىغا، هېلىقى پىندەكنىڭ:

—ئەقىللىق كەندىرچا هەدە، سىزنىڭ،
سىزنىڭ بۇ گۇللۇك كىيىمىڭىز ههقىقەتەن
توزنىڭ يېيپىكىسىدىنمۇ گۇزەل، سىزنىڭ
ناخشىڭىز بۇلبۇلنىڭ ناخشىسىدىنمۇ
يېقىملىق ۋە تەسىرلىك....... دېگىنىنى
ئاڭلىدى.

كەندىرچا گۇمانلانغان هالدا:

—سەن، سەن كىم بولىسەن؟—دەپسور-
دى.

—مېنى دەمسىز؟ مەن ساچقانغۇ......

—ساچقان؟ ئاڭلىغان ئىدىم.
سەن، ئەشۇ، ئاتايەن ئوغرۇلۇق
قىلىدىغان ساچقانمۇ؟

ساچقان گەپ يورغىلىتىپ:

—هەي سىز ئاڭقىرالماپسىز. مە...
ئوغورلۇق قىلىشنى ياخشى كوردىغان سا...
قان ئەمەس. مەن بەكمۇ ئېهتىياتچان. مە...
تالا- تۇزگە ئانچە چىقمايمەن. كۇن بو...
ئويىمدە ئولتۇرۇپ بۇرۇتۇمنى تالاپ ئۇزە...
نى تەكشۇرىمەن. ئۇزەمدە كەمچىلىك-خاتا...
لىق ئۇچراتسام، بۇرۇتۇمنى يۇلىمەن. بى...
كەمچىلىك ئۇچراتسام بىر تال يۇلىمەن...
كى هەرقانچە ئاغرىسىمۇ قورقمايمەن. شۇ...
داق قىلىپ كۇنلەر ئوتتى، ئايلار ئوتتى...
بۇرۇتلىرىممۇ يولۇنۇپ تۇگەيدەپ قالدى...
باشقىلار مېنى هەركۇنى بۇرۇتىنى سانا...
دىكەن دەپ قارىغاچقا، مېنى «سانىغاق...
دەپ ئاتىشىدۇ-دىدى.

كەندىر چا كوڭلىدە ئۇنىڭ چىرايى...
بەت- بەشىر كورۇمسىز بولغان بىلەن ئۇزى...
خېلى ئالىيجاناپ مەردىپەتلىك ئىكەن، دەپ...
ئويلىدى-دە، ئىختىيارسىز هالدا ئۇنى هورمەت...
لىدى. ئۇ:

—مەن بايا بىر توخۇم توققان ئىدىم...
يوقاپ كەتتى، سىلە كورلىمۇ؟ دەپسوردى...

«سانىغاق» ئىنتايىن هەيران بولغان...
دەك قىلىپ:

—توخۇم؟ سىز بايا تتىن ناخشا...
ئېيتىپ كىشىلەرنى كورۇڭلا...
دەۋاتماتتىڭىز؟ مەن سىزنىڭ ناخشىڭىزنى...
ئاڭلاپ بىرىنچى بولۇپ كەلدىم. بۇقانداق...
بولغىنى، توخۇمىڭىز ئويىڭىزدىن چىقىپ كەت...
كەنمىدۇ-يا؟

—ئۇ قانداق يۇرەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ پا...
چىغى يوقتۇ!

—نىمە دەۋاتىسىز، سىز چىقىپ كەتكەن...
پۇرسەتتە پاچاق چىقارغان بولۇشى مۇمكىن...
كەندىرچا گۇمانسىراپ:

—شۇنچە تېز پاچاق چىقىرامۇ؟—دەپ...

سوردى.

— شۇنى دېمەمسىز، مېنىڭ تۇققان تو-
خۇملىرىمنىڭ ھەممىسى دەرھال پۇت-پاچاق
چىقىرىدۇ، قاراپ تۇرسام بىر-بىرلەپ توت
پۇتىنىڭ ھەممىسىنى كوزنى يۇمۇپ ئاچقىـ
چە چىقىرىپ بولىدۇ. ئىشەنمەمسىز؟

كەندىرچا ئۇنىڭ توخۇم توغىدىغان
تۇغما يېدىغانلىغىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزى
توخۇم تۇغمىغان دېگەندىكىن توخۇم تۇ-
غىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، ئىختىيارسىزھالدا
ئاچقانىنىڭ گېپىنى ياقىلاپ:

— ھە شۇنداق ئىكەن-دە! — دېدى.

— ھە، بۇ كەندىرچا ھەدەم راستىن
ئەقىللىق ئىكەن، تېز بىرىپ ئىزدەڭ، جان-
جىگىرىڭىز ئوستەڭگە چۈشۈپ كەتسە بولۇ-
قۇپ ئولۇپ قالىدۇ، ئېھتىيات قىلىڭ، مەن-
مۇ ئىزدىشىپ بەرسەم بولاتتى. بىراق خوش-
نام تاۋا مۇشۇك كېيىممنى تىكىپ بەرگىن
دەۋاتىدۇ. بۇ تاۋامۇشۇك-زە، ھەققەتەن
ھورۇن، ئۇنىڭغا نىمە چارى بار؟ مەن ئۇ-
نىڭ كوتى ھاللاڭ قالغان ئىشتاننى كېيىپ
يۈرگىنىنى كورۇپ تورۇپ كارىم بولمىسا
بولمايدۇ. ئۇنىڭ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن
كېيىملىرى نىمە دېگەن مەدىنىيەتسىز! قا-
راڭا، گېپىمنى تۈگىتەلمەي ۋاقتىڭىزنى
ئالدىم. شاپ بىرىپ ئىزدەڭ، مەن كەتتىم.

كەندىرچا خەير-خوش دېيىشكىمۇ ئۈل-
گىرەلمىدى. «ساننغاق» خۇددى يەرگە كىرىپ
كەتكەندەك غىپپىدەكلا يوقاپ كەتتى.

كەندىرچانىڭ كوپ ئويلىنىپ ئولتۇ-
رۇشقا مەيلى يوق ئىدى. ئۇ ئويىدىن چىقىپ
تەشۋىشلىك ھالدا ئاۋازىنى سوزۇپ:

تاق-تاق تاقاق، تاق-تاق تاقاق،
قايسىڭلا پاچاقلىغ توخۇم كوردىڭلار؟
تاق-تاق تاقاق، تاق-تاق تاقاق،
قايسىڭلا پاچاقلىغ توخۇم كوردۇڭلار؟

دەپ تووۋلىدى ۋە تووۋلىغاچ دوڭگە چىققان
ئىدى، يىراقتا ئاچا ئۇلاپ كېلىۋاتقان بىر
ئودەكنى كوردى. ئۇ كەندىرچانىڭ قەدىناس
دوستى بولۇپ، دۇغىلاقلىقىنە بولغاچقا،
ئۇنى «بودەك» دەپ قىچقىرىشاتتى.
ئۇ، قەدەملىرىنى تېزلىتىش ئۈچۈن قاناتلىرىنى
ھەدەپ يەلپۈيتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق پەيلىرى-
دىكى سۇ ئۇنچىلىرى خۇددى مەرۋايىتتەك قۇم-
سال توپىغا توكۈلۈپ توراتتى. ئۇ، بوم ئاۋازى
بىلەن:

— مۇبارەك بولسۇن-ھە، مۇبارەك بول-
سۇن-ھە! — دەپ ۋاتىلدايتتى.

كەندىرچا ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىپ يىغ-
لامسىراپ:

— سېمىز ئاچا، بولدى مۇبارەكلىمەي قو-
يۇڭ، توخۇمۇم پاچاق چىقىرىپ قېچىپ كەت-
تى — دېدى.

بودەك قەدىمىنى توختاتالماي كەندىر-
چاغا دوقۇرۇپ بەردى ۋە چۈچىغان ھالدا بوي-
نىنى ئىگىز سوزۇپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ سو-
رىدى:

— ئاپلا، سەن، توخۇم پاچاق چىقىرىپتۇ
دېدىڭمۇ؟

— ھەئە، پاچاق چىقىرىپتىكەن، قېچىپ
كېتىپتۇ!

بودەك بىر پەس ئويغا چومگەن
ھالدا سوزلىدى:

— ھەي كەندىرچا، ئوتكەن قېتىم كوپچى-
لىك باش قوشقان چىغىمىزدا، ساڭا بىرەر ئىشقا
يولۇققاندا مېڭە ئىشلەتمەيدۇ، ئاغزىغا كەلگەن-
نى سوزلەۋېرىدۇ دەپ تەنقىت بەرگەن ئىدۇق،
سەن يەنە نىمىشقا ......

— ئاللىقاچان تۇزەتتىمغۇ، سەن كىشى-
گە دائىم كونا نەزەر بىلەن قارايدىكەنسەن.

— ياكى بولمىسا! سەن ھەرگىز توخۇم تۇغ-
مۇدۇڭ.

كەندىرچا ئۆزىنى ئاقلاپ ئالدىراپ-تى-
نەپ:

ـ تۇققا ن ئىدىم، تۇققا ن ئىدىم، ھەش-
پەش دېگىچە قېچىپ كېتىپتۇ، ئىز- دېرىكىمۇ
يوق ــ دېدى.

بۇ دەكىنىڭ تۇمشۇغى ئاچچىغى دەستىدىن
يا پىلا قىلىشىپ كەتتى، ئۇ:

ــ خۇددى مېنىڭ تۇخۇمۇم پاچاق چىقار-
مىغا نغا ئوخشا ش، ئىشقىلىپ سېنىڭ تۇخۇمۇڭمۇ
پاچاق چىقا رما يدۇ!ــ دېدى-دە، گېپىنى تۇ-
گىتىپ ئا رقىسىغىمۇ قا رىماي كېتىپ قا لدى.

كەندىرچا ئۇ دەكىنىڭ ئىغا ڭلاپ كېتىۋا تقى-
نىغا كەينىدىن قا راپ تۇرۇپ كۈلىدە: «ئۇنىڭ ئا-
چا بولغىنى نىمىسى، يا ردەم بەرمەكتە يوق، تېخى
مېنى تىللاۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى.

كەندىرچا ئويلا نغا نسېرى شۇنچە ئەلەم-
لىنىك ھېس قىلدى، ئۇنىڭ كوزىدىن ئىختىيا ر-
سىز ياش چىقىپ كەتتى-دە، مەگىزلىرىنى ھول قى-
لىۋەتتى. ئۇ تا قا قىلىغا چ نىشا نسىز ما ڭدى:

«تا ق- تا ق تا خا ق، تا ق- تا ق تا خا ق،

قا يسىڭلار پا چا قىلىق تۇخۇم كوردۇڭلار؟»

ئۇنىڭ ئا ۋازى با غ سا قلا يدىغا ن سېرىق
ئىت ــ ئا ق پا چا ق سېرىقنى چۆچىتىۋەتتى، ئۇ
گۇۋشىنىۋېتىپ كەندىرچا غا قا راپ كەلدى. ئۇ-
لار كونا خوشنا ئىدى. لېكىن كەندىرچا نىڭ ئۇ-
نىڭغا خوشى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭدىن بىزا ر
ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئا ق پا چا ق سېرىقنىڭ
ئا ۋازى قوپا ل بولغا نلىقىدىنلا ئەمەس ئىدى؛
كېچىلىرى بولسا قا ۋاپ كەندىرچا نىي ھەمىشە
چۆشىدىن چۆچىتىپ ئويغۇتىۋا تا تتى. كەندىر-
چا نىڭ نەزىرىدە ئا ق پا چا ق سېرىقنىڭ مىجە-
زىمۇ نا ھا يىتى قوپا ل، كىشىنى تەنقىتلىگە نىدە
ئا زرا قمۇ يۇز- خا تىرە قىلما يتتى. بىر قا نچە
كۈننىڭ ئا لدىدا، ئۇنىڭ ئېيتىشىلىقىنى بىر قا ن-
چە تال بوغداي تەرگىنىنى ئا ق پا چا ق سېرىق
كورۇپ قېلىپ، قا ۋاپ- تا لاپ ئۇنى قوغلاپ يۇ-
رۇپ قەستەن تەلىكىتە قا لدۇرغا نلىغىنى ئۇمۇر
بويى ئۇنۇتما يتتى. يەنە، ئا ق پا چا ق سېرىق
چا قچا ق قىلىسىمۇ چېكىدىن بەك ئا شۇرۇۋا تا تتى.

ئوتكەن بىر قېتىمدا، ئۇ كەندىرچا غا دا پىشىپ،
ئۇنى قورقىتىپ جا ن- پا نلىرىنى چىقىرىۋەت-
كەن. كەندىرچا جېنىنىڭ بېرىچە ۋا تا قىشىپ،
قا نا تلىرىنى پا لا قلىتىپ، پۈتۈن ئا لەمنى چا ڭ-
تۇزا ڭ قىلىۋەتكەن، تا كى ئۇ، ئۇچۇپ ئوگزىگە چى-
قىۋا لغا ندا، ئا ق پا چا ق سېرىق ئا ندىن يا ن-
غا ن ئىدى.

ئا ق پا چا ق سېرىق كەندىرچا نىڭ دوم سى-
يىپ قا لغا نلىغىنى كورۇپ، ئۇنىڭ ئا لدىغا بې-
رىپ:

كەندىرچا ئۇكام، نېمەڭ يوقا پ كەتتى؟ــ
دەپ سورىدى.

با شقا چا غلار بولغا ن بولسا، كەندىرچا
ئۇنىڭغا قا راپمۇ قويما يتتى. ھا زىر ئۇ با رلىق
ئا داۋىتىنى ئۇنۇتتى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ:

ــ تۇخۇمۇم، تۇنجى تۇخۇمۇم، پا چا ق چى-
قىرىپ بېرىدىكەن، قېچىپ كەتتى ــ دېدى.

ئا ق پا چا ق سېرىق ئا قكوڭۇللۇك بىلە
كۈلۈپ:

ــ چا قچا ق قىلمىغا نسەن؟ــ دېدى.

ــ نېمە دەۋا تىسىز، راستقۇ!ــ دېدى كەن-
دىرچا تىت- تىت بولۇپ يەرنى تېپىچەكلەپ.

ئا ق پا چا ق سېرىق بۇ ئىشتا بىر ئا زسىر
با رلىغىنى ھېس قىلىپ، ئەستا يىدىللىق بىلەن:

ــ ئۇنىڭ پا چا ق چىقا رغا نلىغىنى كور-
گە نمىدىڭ؟ــ دېدى.

ــ كورگەن بولسا م ئۇنى قا چۇرۇپ قويا ت-
تىممۇ! «سا نىغا ق» دەيدىغا ن بىرسى ما ڭا ئوز
لەۋزى بىلەن ئېيتقا ن ئىدى، ئۇنىڭ تۇقــقا ن
تۇخۇملىرىنىڭ ھەممىسى پا چا ق چىقىرىدىكەن،
بەلكــى مېنىڭكىدىــن ئىككــى پا چىغــى
زىيا دە ئىكەن.

ــ ھەي سېنى، سا چقا ننىڭ گېپىگىمۇ ئىشەن-
گىلى بولا مدۇ! ئۇ، ئۇچىغا چىققا ن بۇزۇقتۇ!

ــ يا ق، ئۇ ھېمىشە ئوغرىلىق قىلىدىغــا ن
چا شقا نلا ردىن ئەمەس، بۇسا نىغا ق، ئۇ قۇمۇش-
لۇق، مەلۇما تلىق ئىكەن. ئوزىنىڭ كەمچىلىكى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىسەزگەن ھامان بىر تال بورىتىنى يولىۋاتىدىكەن. بۇنداق ساچقانمۇ يا لغان سۆزلەرمۇ؟

— ھەي كەندىرچا، ھەي كەندىرچا، سەن راست ئېلىشىپ قاپسەن. ساچقاننىڭ بىرقانچە ئېغىز يالغان سۆزلىرى......

— ئېلىشىپ قالغىنىم يوق — دېدى كەندىرچا رەنجىگەن ھالدا، — ئۆزەم تۇققان تۇخۇم ھەش-پەش دېگىچە كۆزدىن يىز قىلىپ كەتكەن تۇرسا، قېچىپ كەتمەي ئۇچۇپ كەتكەنمىدۇ؟

ئاق پاچاق سېرىغىنىڭ كەندىرچاغا راسا ۋاقىراپ بىر تەنبىھ بەرگۈسى كەلدى لېكىن، كەندىرچانىڭ مەغزىدىكى ياش ئۇنچىلىرىغا قاراپ ئاچچىغىغا ھاي بېرىپ:

— تولا راقى ساچقان ئوغرىلاپ يەۋالدىكىن دەيمەن — دېدى.

ئەمما كەندىرچا ئىشەنمەيتتى. ئۇ:

— ئىلگىرى سىلەرمىنى ئۆزىمنىڭ مەسلاتى يوق دەپ تەنقىدلەيتتىڭلار. ئەمدى تۈزىتىۋالدىم، ئۆز-ئۆزۈل كېسىل تۈزىتىۋالدىم. كىمنىڭ سۆزى يىغىلۇق بولسا شۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمەن. «ساناغاق» نىڭ بېشى مېنىڭ تۇخۇمۇمچىلىكمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ ئاغزى تېخىمۇ كىچىك تۇرسا، تۇخۇم ئاغزىغا قانداق پاتىدۇ؟ — دېدى.

— گېپىمگە قۇلاق سالغىن — دېدى ئاق پاچاق سېرىغىنىڭ ئورلىگەن سەپىرايىنى بېسىپ تۇرۇپ — جەنۇپ تەرەپلەردە بىر خىل قىزىل چۈمۈلە بار، ئۇ، دەھشەتلىك تېمىسا قىنىمۇ يەۋېتىدۇكى، سۆڭەكلىرىنىلا قالدۇ......

كەندىرچا كۆڭلىدە: بولدى، بىلمەلمىگەنلىكىنى ئاڭلىدىمدا كۆز قىلماي يلا قوي، دەپ ئويلاپ:

— بۇجاي جەنۇبىي رايون ئەمەس — دەپ ياندى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم......

— سېنىڭ كەلمە-كەلمەس گېپىڭنى ئاڭلىمايمەن، تۇخۇمۇمنى تېزراك تېپىپ كەلمىسەم، ئۇ تېخىمۇ يىراققا كېتىپ قالىدۇ — كەندىرچا شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كەتتى.

ئاق پاچاق سېرىق زادىلا تاقەت قىلالماي تۇرالمىدى — دە، يىراقلاپ كەتكەن كەندىرچاغا قاراپ:

— گالۋاڭ! كېلەر قېتىم تۇخۇم تۇغساڭ يەنە يېتىپ كېتىدۇ! — دەپ ۋاقىردى.

ئاق پاچاق سېرىق تىت-تىت بولۇپ يىراققا قاراپ كېتىۋاتقان كەندىرچاغا قاراپ تۇرۇپ، يۈرىكى بىردىنلا ئېرىگەندەك بولدى. ئۇ كۆڭلىدە: كەندىرچانىڭ ساچقاننىڭ گېپىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىشى دەرۋەقە توغرا ئەمەس، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ تىركىشىمۇ نائەپ ئىش بولدى. ئۇنىڭ قاتتىق ئىچى پۇشقان تۇرسا، يەنە مۇنداق تىل-ئاھانەت ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا يەنە قانچىلىك ئىچ پۇشقى بولغاندۇ دەپ ئويلىدى.

ئاق پاچاق سېرىق بۇلارنى ئويلاپ خىجىل بولۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتتى — دە، بودەك بىلەن مەسلىھەتلىشىش قارارىغا كەلدى.

بودەكنىڭ كۆڭلى بەكمۇ تۈزۈك ئىدى، ئۇ ئاق پاچاق سېرىقنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئەشۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئۇلار كەندىرچانىڭ قېشىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. لېكىن كەنت ۋە كەنتنىڭ سىرتىدىن بىرقانچە قېتىم ئىزدىگەن بولسىمۇ، كەندىرچانىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمىدى.

ئۇ تەتەك قىزىپ كەتكەن ئاپتاپتا تەرلەپ چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەك-كەيلەن دېمىسىمۇ ئالماي يەنە كەندىرچانىڭ ئىزىدىن بېرىپ بىر قۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىخلاس بىلەن مۇزاكىرە قىلىشتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن كەندىرچا يەنە بىر تۇخۇم تۇغدى. بۇ تۇخۇمنى باشقىلار كۆرسە، دەسلەپكىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، دېگەن ھېسقا كېلىشى ئېھتىمال ئىدى. لېكىن كەندىرچا ئۇلارنى ناھايىتى ئېنىق پەرق ئېتەلەيتتى.

بۇ بىرسى ئاقراق، ئۇچچىمۇ ئۇچلۇغراق ئىدى. كەندىرچا ھوكۇم قىلدىكى، كەلگۈسىدە چۆجە چىقارسام، بۇراسا چىرايلىق بىر كەندىرچا چۆجە بولاتتى. تۇنۇگۇنىسىچۇ، ئۇمۇ بادا پۈت چىقىرىپ قېچىپ كەتمىگەن بولسا، جەزمەن بىر تەنتەك چا چۆجەخوراز بولۇپ چىقاتتى.

كەندىرچا خىيال سۈرۈپ، ئىختىيارسىز ئۇلۇق-كىچىك تىندى. بۇچاغدا «سانىغاق» يەنە شىپىپىدەكلا كىرىپ كەلدى-دە، گەپ باشلىدى:

—كەندىرچا ھەدە، سىز يەنە تۇخۇم تۇغۇۋاتامسىز؟ شۇنداق دەگا، مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا مەنزە مۇبارەكلەيمەن، دەپ ئۆزلۈگىمدىن كەلدىم.

كەندىر چا ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە:

—رەخمەت سىزگە، ئولتۇرۇڭ، —دەپ مەرھەمەت قىلدى. «سانىغاق» تۇخۇمىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئاچكوزلىكتىن ئۇنىڭ ئىككى كېچىككىنە قاراكوز قارچۇغىسى پىلقىلدايتتى.

—پاھ، سىز ھەقىقەتەن ئامەتلىك ئىكەنسىز، بۇ تۇخۇمىڭىز ئالدىنقىسىدىكىدىنمۇ چوڭ بوپتىغۇ!، دىدى.

—بۇ تۇخۇم چوڭلىغىغۇچوڭ ئەمەس، بىراق ئۇزۇنچاقراق، —دىدى كەندىرچا ۋە ئۇشتۇمتۇتلا بىرنىمىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ ئالدىراپ—مېنىڭ تونۇگۇنكى تۇخۇمۇمنى كورمەگەن تۇرسىڭىز، قايسىسىنىڭ چوڭلىغىنى قانداق بىلدىڭىز؟

«سانىغاق» گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىغىنى بىلدى ۋە كوزىنى يۇمچۇكلىتىۋىتىپ ھىچچىيىپ تۇرۇپ:

—ئىككىنچىسى ھامان بىرىنچىسىدىن چوڭراق بولۇشقا تىگىشلىكلىگىنى ئويلىدۇم-دە، دىدى.

—كەندىرچا كوڭلىدە: ئىزدىگىنىمۇ توغرا دەپ ئويلىدى.

«سانىغاق» تاشقىرىدىغا ئوغرىلىقچە بىر كوز سېلىپ:

—كەندىرچا ھەدە، چاپسان سىرتقا چىقىپ كىشىلەرگە خەۋەر قىلىڭ، ئۇلار سىزنى كېلىپ مۇبارەكلىسۇن. سىزنىڭ مىڭغاۋق ساداليرىڭىز چوقۇم توپ-توپمىھمانلارنى جەلپ قىلىدۇ، —دىدى.

كەندىرچا كارۋاتتىكى تۇخۇمىغا مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ:

—بۈگۈن مەن بۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيمەن — دىدى. «سانىغاق» دەرھال ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ:

—شۇنداق، شۇنداق، نېرى كېتىشكە بولمايدۇ، ئىز، يەنە پاچاق چىقىرىپ قېچىپ يوقاپ كەتسە تېخىمۇ ئەلەم بولىدۇ—دىدى ۋە ئۇشتۇمتۇت ئوز بېشىغا پاق بىرنى ئۇرۇپ ھەسرەتلەنگەندەك بولۇپ—ۋاي تـوۋا، قاراڭ ماڭا، ئىشىكتىن كىرىپلا مۇشۇنداق ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان چوڭ تۇخۇمنى كۆرۈپ، خوشاللانغانلىقىمدىن ئوز خۇدۇمنى يوقۇتۇپ، مۇبارەكلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، بىر چوڭ ئىشنى ئىسىمدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قاپتىمەن. ئەمدى بۇرۇتۇمدىن 3 تال بۇرۇتنى يۇلۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالدى!- دىدى.

«سانىغاق» گەپ قىلغاچ راستىنلا بۇرۇتنى كوچەپ يۇلۇشقا باشلىۋىدى ئاغرىق دەستىدىن ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ئاق كوكۇل كەندىرچا ئالدىراپ تىنەپ:

—بەك ئاغرىيدۇ، بولدى يۇلماڭ، زادى قانداق ئىشتى-ئۇ؟ دىدى.

—ھەي، مەن ھەقىقەتەن ئولسەممۇ ھەقلىق، باياتىن يولدا كېلىۋاتقىنىمدا پاچىغى بار تۇخۇمدىن بىرنى كوردۇم ئۇ دىلك-دىلك سەكرەپ ......

—ئۇ، مېنىڭ تۇخۇمۇم بولمىغىدى يەنە؟ قەيەردە ئۇچراتتىڭىز؟ — دەپ كەندىرچا كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

— مۇشۇ ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىلا ئۇچراتتىم، بىراق، ھازىر شاپتۇللۇق باققا كىرىپ كېتىپ بولغاندۇ، ئېھتىمال. ھېلىقى چوڭ سېرىق ئىت يەۋەتمىسۇن يەنە، ھەي سىزنىڭ ئۇ جان-جىگىرىڭىز شۇنچىۋالا كىچىك تۇرسا، ئۇنى ھاپ قىلىپلا يۇتىۋېتىشى لايىدۇ.

كەندىرچا جان-جىگىرىنىڭ ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سىرتقا قاراپ بەدەر چاپتى. ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا، كەينىگە بۇرۇلۇپ «سانىغاق»قا:

— سىز ھەرگىز نېرى كېتىپ قالماڭ-ھە! — دەپ جىكىلىدى. «سانىغاق» نەپەسى ئالدىرىغان ھالدا:
— مەن بارلىق بۇرۇتۇم بىلەن كاپالەتلىك قىلاي! — دېدى.

كەندىرچانىڭ كۆڭلى تىندى. ئۇ، دىككىداپ يورغىلىغان پېتى ئۆينىڭ كەينىگە چىقىپ قارىسا، دەرۋەقە يىراقتا بىر قىزىلىش ئاق تۇخۇم ئېغىناقلاپ شاپتۇللۇققا قاراپ كېتىۋاتقىنىنى كوردى ۋە ئاۋاز قويۇپ «توختا!» دەپ ۋارقىرىدى.

لېكىن پاچاقلىق تۇخۇم خۇددى قولىغى يوقتەك ئاڭلىماي تېخىمۇ ئىلدام يۈگۈرەۋەردى.

كەندىرچا ۋارقىراشنى توختۇتۇپ، قانىتىلىرىنى قېقىپ، ئۇچقاندەك تېزلىكتە قوغلىدى.

پاچاقلىق تۇخۇم شاپتۇللۇققا كىرىپ كەتتى، كەندىرچامۇ قوغلىغان پېتى شاپتۇللۇققا كىردى، لېكىن كوزيۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارلىقتا، پاچاقلىق تۇخۇم ئوت-چوپ ئارىسىغا شۇڭغۇپلا كوزدىن غايىپ بولدى.

كەندىرچا بېرىپ ئىزدىمەكچى بولغان پەيتتە، بىر تۇپ چوڭ دەرەخنىڭ كەينىدىن ئاق پاچاق سېرىق:

— نەگە قاچاتتىڭ! — دەپ ۋارقىراپ، ھاپ دەپ ئېتىلدى-دە، ئوت-چوپلەر ئارىسىدىن بىر نەرسىنى چىشلەپ ئېلىپ، كەندىرچانىڭ ئالدىغا سىلكىپ تاشلىدى، كەندىرچا قورقۇپ كوزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ:

— ۋايجان، چىشلەپ ئولتۇرۇۋېتىپسەن، ئەمدى مەندىن قۇتۇلالمايسەن! — دەپ ۋارقىرىدى، ئۇ كوزىنى ئېچىپ ئېڭىشىپ قاراپلا، قورقىنىدىن ئاغزى ھاڭ قالدى. پاچاقلىق تۇخۇم كورۈنمەيتتى، يەردە بىر ساچقاننىڭ ئولىگى، ئۇنىڭ يېنىدا پارە-پارە بولۇپ كەتكەن تۇخۇم شاكىلى تۇراتتى.

ئەسلىدە، ئاق پاچاق سېرىق بىر ساچقاننىڭ تۇخۇم شاكىلىنى بېشىغا كىيىپ كەندىرچانىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدە چوڭگۇلەپ يۈرگەنلىكىنى كورۇپ، ساچقاننىڭ بۇ كەندىرچانى دامىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلغان كوزبويامچىلىقى ئىكەنلىكىنى پەملىۋېلىپ، ئەگىشىپ كېلىپ مۇشۇ جايغا مۆكۈپ تۇرغان ئىكەن.

كەندىرچا روكۇلداپ:

— بۇ ھېلىقى قۇيرىقىغا تۈك ئۈنمىگەن «سانىغاق» ئەمەس ئىكەن، ئۇ ئالىجاناپ «سانىغاق» بولسا ئۆيۈمنى ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى.

ئاق پاچاق سېرىق كەندىرچانى تارتىپ:

— ئىلدام ماڭ، ئۆيۈڭدىكى يەنە بىر تۇخۇمىمۇ پاچاق چىقىپ قالدى — دېدى.

كەندىرچا ئانچە ئىشەنمىگەن ھالدا ئاق پاچاق سېرىقنىڭ كەينىدىن ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

ئۆيىگە بېرىپ قارىغىنىدا، بودەكمۇ شۇيەردە بار ئىكەن. ئۇ بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ تامنىڭ ئۇتەرىپىگە قاراۋاتىدىكەن، بودەك:

— ئىلدام، ئىلدام كېلىپ قاراڭلار! — دەپ پىچىرلىدى.

كەندىرچا تامنىڭ تۆشىكىدىن ئۇ تەرەپكە سەپسېلىپ قاراپلا، چۆچۈپ تىلىنى چىقارغان پېتى قېتىپلا قالدى.

ئۆزىنى «سانىغاق» دەپ كوز-كوز قىلغان ساچقان، كەندىرچا تۇققان ئىككىنچى تۇخۇمنى تۇتپۇتلاپ قۇچاقلاپ يەردە ئۇڭدا ياتاتتى. باشقا بىر چوڭ ساچقان ئۇنىڭ سىيدام قۇيرۇغىدىن تارتىپ ئىشىككە قاراپ كۆچەپ سورىۋاتاتتى.

«ساناغاق» چېشلىرىنى ھەدېگەندە يېتىقان ھالدا ئاۋازىنى پەسلەپ:

— غەيرەت قىل، غەيرەت قىل! — دەپ يەل بېرىۋاتاتتى.

ھېلىقى چوڭ ساچقان ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ:

— بەك ئېغىر غۇ، سىرىيەلمىدىم! — دەيتتى.

«سېيدام قۇيرۇق» چېشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— نان قېپى! يېيىشكە كەلگەندە بىلىڭنىڭ قالتىسقۇ، سېسىق مەكىيان كەندىرچا قايتىپ كېلىپ كۆزۈڭنى چوقۇۋېلىشتىن پەخەس بول! — دەيتتى.

ئالدىنقى قېتىمدا، «سېيدام قۇيرۇق» تۇخۇمنى مۇشۇنداق ئوغرىلاپ كەتكەن ئىدى. بۈگۈن «سېيدام قۇيرۇق» تۇخۇم شاكىلىنى بېشىغا كېيىۋېلىپ كەندىرچانى ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىر ساچقاننى ئەۋەتكەنلىكتىن، بىر لاساچقان قېلىپ سورەشكە كۈچ كەپقالغان.

تامنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرغان ئاق پاچاق سېرىق پەس ئاۋاز بىلەن كەندىرچاغا:

— ئەمدى ئايدىڭ بولدىمۇ، سەن مەرىپەتلىك دىگەن ساچقان ئەنەشۇ — دەپ پىچىرلىدى. كەندىرچا غەزەپلىنىپ:

— مەن بېرىپ ئۇلارنى چوقۇپ ئۆلتۈرۈۋاتىمەن! — دىدى.

ئاق پاچاق سېرىق ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— قاراملىق قىلساڭ بولمايدۇ — دىدى-دە، كەندىرچانىڭ قىزىققىنىغا كۈسۈلداپ بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلدى. كەندىرچا كەينى-كەينىدىن بېشىنى ئېغىتتى. ئاق پاچاق سېرىق يەنە بودەكنىڭ قۇلىقىغىمۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلدى. بودەكمۇ كەينى-كەينىدىن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۈچەيلەن شەپە قىلماي ئىشىكتىن چىقىپ، راسا بىرۋاقىت ئۆتۈپ، ئاندىن كەندىرچا بىلەن بودەك شارت قىلىپ كەندىرچانىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىردى.

ئىككى ساچقان «چىر-چىر» چىقىرىشىپ، قورققىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، «سېيدام قۇيرۇق» تۇخۇمنى ئالمىقاچان تاشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپلا، تامنىڭ بۇلۇڭىغا قاراپ شۇڭغىدى، ئەسلىدە ھېلىقى بۇلۇڭدا كىچىككىنە بىر كاما بولغان بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئالمىقاچان كورۇپ قويغان، ئۇز ھەمرا سىغمۇ ئەيتمىغان قېچىش يولى ئىكەن. لېكىن بودەك ئاق پاچاق سېرىقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يوغان قۇيرۇغى بىلەن ئۇ كامانى ئېتىۋالغانلىقىنى ئۇيلاپمۇ باقمىغان ئىدى. كەندىرچا ھېلىقى چوڭ ساچقانغا يەنچە قويمۇاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «سېيدام قۇيرۇق» ئالدىراپ-تېنەپ بۇرۇلۇپلا سىرتقا قاراپ قاچتى، قارىغۇدەك بولسا بىر چوڭ سېرىق ئىتنىڭ تۆكلەش كالىسى ئىشىكنى توساپ تۇرغىدەك. ئۇنىڭ ئۆتكۈر مەرگەن چىشلىرى پاقىراپ كىشىنى ئەيمەندۈرۈۋەتتى.

«سېيدام قۇيرۇق» بىچارىلىق قىيا پەتتە:

— ھۆرمەتلىك ئاق پاچاق سېرىق، دانىشمەنلەرنىڭ «ئىتنىڭ ساچقان تۇتۇشى، مۇناسىۋەتسىز ئىشقا چېپىلغانلىقى» دەيدىغان بىر ئېغىز سوزى بار، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەزەلدىن ئۆچ-ئاداۋەت بولمىغان، مېنى قويىۋەتسىڭىزچۇ — دىدى.

ئاق پاچاق سېرىق سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

— دانىشمەنلەرنىڭ: يامانغا رەھىم قىلغانلىق — جىنايەت! دىگەن بىر سوزىمۇ ئېسىمدە بار — دىدى.

بۇ، ۋاقىتتا، غەزەپ-نەپرىتى تولۇپ تاشقان كەندىرچا ئېتىلىپ كېلىپ:

— ئەمدى سېنىڭ شىرىن سوزلىرىڭگە كىرىل بولمايمەن، دىدى. بودەك ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ:

— توغرا، توغرا، كەندىرچا، سەن ئۇنىڭ-

(ئاخىرى 82-بەتتە)

## ئاممىنىڭ ساداسى

## ياخشى يېزىلغان شېئىر

(«ئارخىلوگ خاتىرىسى» ناملىق سېكلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

ئابلىز توختى، مەتقاسىم ئەكرەم

بىزگە مەلۇم، شېئىر ئىنجا دېيىتى مۇرەككەپ ۋە نازۇك ئىنجا دېيەت. ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى — مۇرەككەپ تۈرمۇش تەسىراتلىرىنى ساغلام روۋىشتە ئوتكۇر تىل سەنئىتى ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئىنجا بى پىكىر يۇرگۈزۈشتە ئىپادىلەنسە، ئۇنىڭ نازۇكلىقى — ئىنچكى تۇيغۇنى كىستاپخانلارنىڭ قەلبىگە ماھىرلىق بىلەن يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا تېگىشلىك ھاياجان پەيدا قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز ئەسەرلەرنىڭ ئىنجادىلىقىغا ھوكۇم قىلىشتا ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ريالىزىملىق روھتا تۇرۇپ، يۈكسەك بەدىي يوللار ئارقىلىق ئۇزىدە يېغىنچا قىلاپ كورسىتىپ، ئەدەبى چىنلىقنى نامايەن قىلالىغان-قىلالمىغانلىقىغا؛ كىتاپخانلار قەلبىگە يېڭى پىكىر ئارقىلىق ئەدەبى زوق بېغىشلىغان-بېغىشلىيالمىغانلىقىغا؛ مۇئەييەن بەدىي ئۇلگە كورسىتىپ بېرەلىگەن-بېرەلمىگەنلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ بىرقاتار ئامىللارنى ئۆزىمىچىگە ئالغان ئەسەرلەر جەزمەن كوپ قېتىم پىششىقلىنىش، كوپ قېتىم ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت يولىنى بېسىپ ئوتۇپ، ئاندىن ئايرىمچە پارلىنىپ تۇرىدىغان ئىنجادىي ئەسەر بولۇش لاياقىتىنى يارىتالايدۇ.

بىز يۇقارقى نۇقتىلار بويىچە قارايدىغان بولساق، «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 3-سانىغا بېسىلغان يولداش مەتنىياز نىڭ «ئارخىلوگ خاتىرىسى» ناملىق سېكلى بۇ ژورنالدا ئېلان قىلىنغان باشقا ياخشى ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىي جەھەتتىن بولسۇن بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئىنجادىي ئەسەردۇر.

ئاپتور بۇ شېئىرىدا «ئارخىلوگ» ئۇچراتقان بىرقاتار بۇيۇملار ئىچىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق پۇشۇرۇش ۋاستىسى بولغان تونۇرنى، يۇرتىمىزنىڭ ئېتىمىزلىرى بولغان پىلە غوزىكىنى، گىلەم توقۇيدىغان پەنجىنى، پارچىلىنىپ كەتكەن قەدىمقى گىلەم نۇسقىسىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇرۇنقى يېزىقى چۇشۇرۇلگەن قارۇشتى پۇتۇكلەردىن ئىبارەت

ۋەكىللىك خاراكتېرى بولغان نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ، ئەشۇ خىل ماددى بۇيۇم ۋەرىياللىقلار ئاساسىدا ناھايىتى يېراق ئۆتمۈش تارىخقا تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ چىققىدۇ. ماۋۇ مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

زەڭسالىدىم، ئوخشايدۇ ھويلامدىكىگە،
قېلىپى بىر ئىككەن قىلچە يوق پەرقى.
كۆزىمىڭ يىل مۇقەددەم ياسىغان ئۇنى،
كۆمۈلگەن ماكانىنىڭ ئېقىللىق خەلقى...

بۇيەردە ئاپتور شېرئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەلىۋى بولغان تەپەككۇر ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇزھىسسىياتىنى قاناتلاندۇرۇپ، يىغىنچاقلاش سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ، ناھايىتى مۇقەددەم يىللاردىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ھازىرقى تۇرمۇش رىياللىقىغا باغلايدۇ. ئەگەر شېرنىڭ بەدىي مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن مۇشۇ تەرەپنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

يولداش مەتقاسىم مەتنىيازنىڭ بۇشېرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلىشىنى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە بىۋاستە قاتنىشىشتىن ئىبارەت ئاساسىي شەرتلەردىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇ مۇشكۇل يول ئۈستىدە تۆگىمەس ئىبارەت بۇھايۋاننىڭ چىدامىلىق، يۇۋاش، كىرچىلىك كەلگەن تەبىئىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزۈشتىن باشقا، زېمىنى يوقلىغىنى، ھامان چۆل-جەزىرىلەردە يۈرۈپمۇ داتلانمايدىغانلىغىنى — تۇرمۇشتىكى بىرخىل ھېكمەتكە تەقلىت قىلىدۇ. ئاندىن خارابىلىق بىرىمچە بىردىن-بىر گىمىيا بولغان يۇلغۇننىڭ تەبىئىتىنى ۋە ئۇنىڭ خىسلىتىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل نىران شەھرىنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە شاھىد بولۇپ، ھېلىمۇ ياشىرىپ، شۇگۈزەللىكنى ساقلاپ تۇرىۋاتقانلىقىغا تەھسىن ئېيتىدۇ.

ئاپتور پىلەغۇزىگى، پەنجە، گىلەم توقۇسى قاتارلىقلارنى يازغاندا، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھۈنەر-سەنئەتتە كامال تېپىپ، دۇنيانى جەلپ ئەتكەن مەشھۇر شەجەرىسىنى تولۇپ-تاشقان مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئېلىپ:

/...تېھراندىن مەلىكە، چاكىنەندىن خانىش،
سۇنغانىغۇ بىپەككە ئاتبېشى ئالتۇن.
قايسى بىر خانزادە كۆرۈپ ھەتتا چۈش،
شۇئىپەك رەخلەرگە بولمىغان مەپتۇن؟

جەننەتكە ئەندىزە يۇرتۇم گۈلىمىلىك،
ھۈنەرلەر ئانىسى ئەخ ئىنيا-خوتەن.
بۇسېنىڭ شوھرىتىڭ، بۇسېنىڭ شانىڭ،
شاتلانغىن، ئەيخەلقىم، پەخىرلەن ۋەتەن!...

دەپ يازغان بولسا، قارۇشتى يېزىغى ھەققىدىكى ھەممىياتىنى بايان قىلىشقا ئۇتكەندە، ئاپتور ئۇخىل غۇرۇرىنى تېخىمۇ ئەمەلىي، تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا كوتىرىدۇ... ئاخىرىدا ئاپتور شۇزامانلاردا بەرپا بولغان مەدىنىي نامايەندىلەرنىڭ سەۋىيىسى ۋە نەپىسلىكىگە، خەلقنىڭ تۇرمۇش مەئىشىتىگە قايتىدىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنى قاباھەتلىك «4 كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدە ناپۇت بولغان تۇرلۇك تۇرمۇش ھالەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئېچىنىدۇ. بۇيەرگە كەلگەندە ئاپتور جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئەژداتلارنىڭ تىلىدىن ئۇزىگە سۇئال تاشلىتىپ، خىجىللىق ھەممىياتىنى بەرگەندىن كېيىن، بىردىنلا خىجىللىق ئۇستىدىن جانلىنىپ، «مېھرىۋان ئانا يەر» تېمىسىغا كوچۈپ، ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىرادە ۋە ئارزۇسىنى مۇنداق بىلدۇرىدۇ:

...بىز قوشقان توپاقنى ياغاچ بۇقۇسىغا، بولمىسا ئېيتقىنچۇ، نىمىدۇر سەۋەپ؟!
سەن تېخى سالامەن كالىغا جاپا؟ ئاپەتلەر دەم ئۇزدى، بۇ دەمەك ئىمكان،
شۇنچىمۇ نىشانى بىز باسقان يولنىڭ، بولمىز قۇملۇقنى كوكەتكۈچ ياغۇر.
قېنى ئۇ نۇرچاچقان ئەنئەنە-شەرەپ؟! قاباھەت بوراننى توسقۇچى ئورمان،
ئىنەۋەرە، دەۋرىڭگە يوقمۇ ئىھسانىڭ، جۇدۇننى يەڭگۈچى ھايات بەخش نۇر.

«ئارخىلوگ خاتىرىسى» نىڭ بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى، موھىمى ئاپتورنىڭ شېئىرى ھەممىياتىنىڭ رىئاللىق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كورۇش، سىزىش، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش، رىئاللىققا باغلاش ئارقىلىق تۇرمۇش قانۇنىيىتى ۋە تارىخ ھەقىقىتىنى بەدىئىي يول بىلەن يورۇتۇپ بېرىشىنىڭ تەلەپ-ئۇلچەملىرىنى ئىجادىيەت داۋامىدا سەممىمىي ئىجرا قىلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىز بۇنىڭدىن كېيىن يولداش مەتقاسىم مەتنىيازنىڭ خۇددى ئۆز ئىجادىيىتى ئۇچۇن جان بېغىشلىغان ئارخىلوگلارغا ئوخشاش، ئىجات قايناملىرىنى قېزىپ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ ئېسىل ئۇنچىلەرنى تېپىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا تەقدىم قىلىشىنى: «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىدا مۇشۇنداق ئەسەرلەرنىڭ يېنىمۇكۆپ ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن



## ئەخمەتشا قارىقاشىنىڭ ھايات ئىزى ۋە ئۇنىڭ يېقىندىن تېپىلغان ئەسىرى «مۇۋلەر مۇنازىرىسى»

جاما ئەتچىلىكىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان مەشھۇر ساترىك شېئىر «ئات قىسسىسى» (بەزى ۋارىيانتلاردا «نەزەر موپتىغا خەت» ياكى «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئاپتورى قارىقاشلىق ئەخمەتشانىڭ باشقا ئىجادى مىراسلىرى ۋە ھايات ئىزى توغرۇلۇق ھازىرغىچە بىرەر مۇكەممەلراق مەلۇمات يوق ئىدى.

يېقىندا، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر، ئەخمەتشا ھاياتى بىلەن قىزىقىدىغان ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ يىپ ئۇچى بېرىشى، جۈملىدىن ئەخمەتشانىڭ پەنەۋرىسى (4- ئەۋلادى) ئابدۇقادىر ئاخۇننىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە ئاساسەن، بۇ ئائىلىدىكى بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ تۇغۇلۇش- قازا قىلىش يىللىرىنى سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا، ئىشىنەرلىك تەپسىلاتقا ئىگە بولدۇق.

شائىر ئەخمەتشا 1750- يىللىرى قارىقاش ناھىيىسىدىكى قاپاقلا يېزىسى، ھالايلى (ھويلا ئالدى) مەھەللىسىدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق دىنى موتىۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، تەخمىنەن 1828- يىللىرى ۋاپات ئەتكەن.

ئەخمەتشانىڭ دادىسى مۇبارەكشا قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان. شۇ چاغلاردا دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇۋاتقان بەزى بىر كىتابلار، جۈملىدىن ناۋايى، مەشرەپ، سوپى ئاللايار، خوجى ھاپىز... قاتارلىق

## خوتەندە ئۆتكەن كىشىلەر

لارنىڭ رېتىملىق، خۇش-ئاھاڭ شېئىرلىرى — كىچىك ئەخمەتشانىڭ كۆدەك قەلبىدە شېئىرى ھەسسىياتىنىڭ، ئەدەبىي ھەۋەسنىڭ بىخ ئۈرۈپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

ئەخمەتشا دەسلەپكى بىلىمىنى ئۆز يېزىسىدا، دادىسىدىن ئالدى، ئۇ 17 ياشلارغا كىرگەندە قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە»گە بېرىپ ئوقۇيدۇ. ئەخمەتشا كىچىككىدىنلا زېرەك، خۇشچاقچاق ئىدى. ئۇ، چاقچاققا ئۇستا بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر ئۇلارغا گەپتە ئۇتتۇرۇپ قويمايتتى.

ھەر قايسى جايلاردىن يىغىلغان بىلىم تەشنالىرى، قەشقەردىكى قەلەم ئىگىلىرى ئەخمەتشا ئىجادىيىتىنىڭ ۋايىغا يېتىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئۇ، شائىرلاردا تا-رىختىن بۇيان مودا بولۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل-بىر ئىزدىكى ئىشقى مۇھەببەت، قەسىدىچىلىك-تەك يېزىش ئۇسلۇبىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دەۋرنىڭ يىرگىنىشلىك، قالاق تەرىپىگە خەن-جەر ئۇرۇۋاتقان ساتىرا (ھەزىل) ژانىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت شەكلى قىلىپ تاللىۋالدى.

ئابدۇقادىر داخۇننىڭ (ئەخمەتشانىڭ ھازىر ھايات بولغان 4-ئەۋلادى) ئېيتىشىچە، دادىسى ئابدۇغۇپۇر ئاخۇنۇم، كىچىك ۋاقتىدا دادىسى سەيداخۇنۇمدىن ئەخمەتشا ھەققى-دە بەزى بىر پارچىلارنى ئاڭلىغان ئىكەن. بىر كۈنى ئابدۇغۇپۇر ئاخۇنۇم، ئائىلىسىدى-كىلەرگە «ئات قىسسىسى»نى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، «بۇ-مېنىڭ دادام ئەخمەتشانىڭ توقىغان نەزمىسى» دېگەن، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قىزىقارلىق خۇسۇسىيەتلىرى، نەزەر مۆپتى بىلەن يېزىشقان خېتى ۋە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن.

ئەخمەتشا «خانلىق مەدرىسە»دىكى ئوقۇشنى تاماملاپ كەلگەندىن كېيىن، قار-قاشتىكى چوڭ مەدرىسە — «كۆزەر» مەدرىسىسىگە مۇدەررىس ئاخۇن قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

ساۋاقدىشى نەزەرنىڭ ئاقسۇدا «مۆپتى» بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەخمەتشا دا ئاقسۇنىڭ ياخشى ئېتىدىن مىنىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتىدۇ. «ئات قىسسىسى»دا سۆزلەنگەندەك نۇخسانلار بىلەن تولغان ئات يېتىپ كەلگەندە، شائىرنىڭ ئۆتكۈر ھەجۋى قەلىمى بۇ ئاتنىڭ سۈرىتىنى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ چىقىدۇ، ئەمەلىيەتتە، زاما-نىسىدىكى خىيانەتكارلىق، ۋاپاسىزلىق،... قاتارلىق تەرەپلەر رەھىمسىز تۈردە ئېچىپ تاشلىنىدۇ... بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر خېلى كۆپ.

يېقىندا بىز مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىشى ئارقىسىدا، شائىرنىڭ يېڭى تېپىلغان «مەۋلەر مۇنازىرىسى» دېگەن يەنە بىر پارچە ژىرىك ساتىرىك ئەسىرىنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدۇق.

«مەۋلەر مۇنازىرىسى» — خوتەن قەغىزىگە بەد خەت كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قوليازما. باش ۋە ئاخىرى يوق، جەمئىي 22 بەتلىك (كەڭلىكى 12سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى

18 سانتىمېتىر) ئاسرالمىغان دەپتەر. ئەسەردە ئۆزمە قاتارلىق 13خىل مۇڭنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سوھبەت، مۇنازىرىسى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى مۇڭلەردە بولـدىغان ئۆزىگە خاس سىرتقى كۆرۈنۈش (شەكىل)، ئالاھىدىلىك، ئەلـگە يـەتكۈزىدىغان پايدا-مەنپەئەت ياكى زەرەر تەسۋىرلەنسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن مۇڭلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىجتىمائى جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش، ئادەت كۈچى ۋە ئادەملەردىكى يارىماس خۇي-مىجەز، تەكەببۇرلۇق، مەن-مەنچىلىك... قاتارلىقلار يۇمۇرلۇق-تىل بىلەن قامچىلانغان.

ئەسەرنىڭ يەرلىك پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ھەرمىسرادىن يەرلىكشىۋەلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. (تەييارلاشتا مانا مۇشۇ تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق).

شۇنىمۇ قەيت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، بۇقوليازما نۇسقىسى تەخمىنەن 50 يىللار بۇرۇن كۆچۈرۈلگەندەك تۇرىدۇ. باش-ئاخىرى تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن، قوغۇن توغرىسىدا يېزىلغان بىر مىسرادا، قارىغاشتىن چىقىدىغان «پىژگان» ناملىق قوغۇن تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەنىدىن باشقا ئاپتورنىڭ ھاياتى، ئىجادى پائالىيىتى توغرىسىدا ۋە كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلـگەن، قاچان يېـزىلـغان... دېگـەندەك مەسـىلـەلەرگە جاۋاپ تېـپىلمايدۇ.

كىلاسسىك ئەدىبىيات تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئەخمەتشا ئىجادىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلار بىزنىڭ بۇكەمچىل جايىمىزنى بۇنىدىن كېيىنكى ئىزلىنىش قەدەملىرىدە تولۇقلاپ كېتىدۇ، كىتاپخانلار بىزنىڭ ئۆزۈرىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

ئاخىرىدا شائىر ئەخمەتشانىڭ تەرجىمھالى بىلەن تەمىن ئەتكەن ئابدىغادىر ئاخۇن، جاپپار رەھىم يولداشلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

تەھرىر بولۇم

## مۇڭلەر مۇنازىرىسى[1]

ئەخمەتشا قارىغاش

...ئەردىلەركى ياز، كوپ زامان بورۇن،
مۇڭلەر باغدا تۈزۈشتى سورۇن.
«كىم بەك ئەتىۋا، توھپىسى تولا؟...»
بولدىلار شۇنداغ پارالـغۇلغۇلا.

ئۇسۇل قىزىدى-ئولتاردى-تۇردى،
ھەممە ماختىنىپ لاپىنى ئۇردى.
باشقا تىزىلدى ئاقارىپ ئۆجمە،
ئۆسوزباشلادى تىڭشادى ھەممە.

[1] ماۋزۇنى تەھرىر بولۇم قويغان.

ئۇچمە ماختاندى ئۇردى كوپ لاپنى،
غازاڭى «راس» دەپ چالدىلار داپنى:

«پىشارمەن ئەۋال خوش قىلىپ ئەلنى،
ياپراغىم ئەتلەس، باغلاشۇر بەلنى.

شوھرىتىم تولا رومى، ھىندىستان،
ئىراقى-ئىران، بەلخى، تۈركىستان.

يۇرسام چۈشماسمەن تۈگمەدىن بىردەم،
شاھزادە، خانىش بولغايلار ھەمدەم.

پۈدۈشۈپ يەرلەر پۆلكەتمەس ماڭا،
بۇنداغ ئەپزەللىك قەيەردە ساڭا؟...»

ئۈرۈك سورۇنغا چۈشتى شاپاشلاپ،
غازاڭ شاخىنى يۇدۇپ-ماپاشلاپ:

ئۈزئىپىدى①: «باغدامەن دۇرمەن خۇبان②،
بىر يۈزۈم سېرىغ، بىر يۈزۈم تابان③.
چىچەكىم زىننەت نۇرۇز چاغىغا،
ھىدىم خۇشنۇد④ ھەم ئەلدىماغىغا.

غورامنى سالىپ ئىتەشۇر يوبدان،
ئىپىغىن مىنىڭدەك بارمىدۇر ئوبدان؟

سەبرى قىلغانغا يېمىشىم ھالۋا.
بەسلەشۇر ماڭا ئەقىلسىز كالۋا!...»

ئالما دەرغەزەپ، قىزاردى يۈزى،
دۇمۇلاپ كەلدى مەيدانغا ئۆزى:

— ئەي ئۈرۈك، — دېدى، — مەندۇرمەن ئالما،
سېنىڭ باشىڭغا ئاتار تاش-چالما.

ئادەملەر سېنى باققە قويماسە!
تىشى⑤ قامىسە، يىنە تويماسە.

مېنى ياخشىلار ئولتارۇر يىلداپ،⑥
ئويناشۇر بىرى-بىرىگە تاشلاپ.

ئارزۇ ماڭا بۇ ئەھلى جاھان،
تۇتۇشار مېنى سوۋغا قىز-جۇۋان.

يوقتۇرۇر مەندەك ئەھلى ھۆرمەتلىك،
يەڭگانىدە تامى لېزىز-لەززەتلىك.

يىسا ھەركىم بۇ لەززەتىم بىلە،
يىرىلۇر ئاغزى شەربەتىم بىلە...»

ئالما بۇچەگىنى تامام ئەيلادى،
شاشاپتۇلا «خەپ!» دېدى — قاينادى.

تۇرالمادى ئۇ دىمى قىلىپ،
ئۈرۈش باشلادى شۇئان ئىلىپ.

دېدى شاپتۇلا: «ئاچچىغ ئالماسەن،
سەت نەشقىلىق ⑦ بىلە تېخى سوزلارسەن.

«ئالما» دەپ ئاتىلىبار ئۆزۈڭ بىلە⑧
سېنى كىم ئالسۇن بۇ سۆزۈڭ بىلە؟

ئۆزۈڭنى نىچۇن ئەھل ⑨ ئەتاسەن؟
ئاشول سۆپەتكە تەمىل ئەتاسەن؟

مەن تۇرۇپ سېنى كىم يەيمەن دەيدۇر؟
مەن بەھەم⑩ بولغاچ، ئان⑪ سېنى يەيدۇر.

سېنى كىم يىسا ئاغزىدۇر ئاچىغ،
سوغى ئەفزۇن⑫ بىرپ تىنگادۇر ئاغرىغ.

ئۆزۈڭ ئوتكۇرمە ئەي ئاچچىغ ئالما،
سېنى يېگانلار ساپ⑬ كىچىك بالا.

سەن ئاچىغ ئۇچۇن سوزلارىڭ مۇنداغ،
ئىنىڭجا زاسى يىسا ھەم شۇنداغ.

بولدى ھەددىدىن زىيادە سوزۈڭ،
ئەمدى سوزلامە قارادۇر يۈزۈڭ...

ئىپىتتى ئۆيەنا: مەندۇرمەن ئەئلا،
لەززەتىمنىڭ يوق ھىساۋى ئەسلا.

---

①ئىپىدى — ئىپىتتى. ②خۇبان — قىزىل رەڭلىك. ③تابان — يۇمۇلاق (تولۇن) ④ خوشنۇد — شات، رازى. ⑤تىشى — چىشى ⑥يىلداپ — ھىدلاپ، پۇراپ. ⑦نەشقىلىق — ناخشاڭ. ⑧بۇ مىسرادا «ئالما» سوزىنى «پۇلغا ئالما» مەنىسىدە ئىشلىتىپ، سوز ئويۇنى قىلغان. ⑨ئەھلى — (ئادەم) قاتارىغا تىزىسەن مەنىسىدە ⑩بەھەم — (بى ھەم) بىللە ئەمەس، بولمىغاچ. ⑪ئان — ئاندىن كېيىن، ⑫سوغى ئەفزۇن — سوغىقى ئېشىپ. ⑬ساپ — ھەممىسى.

شۇ ئامۇۋدەلەر ئاراھورمەتلىك،
لېزدىزە دۇرمەن تامىلەززە تلىك،

يەسا ھەركىم بۇلەززەتتىم بىلە،
يېردىلۇر ئاغزى شەربەتتىم بىلە.

مېنى يەر بولسە كىمنىڭ ئىمكانى،
ھوزۇر ئالۇرلار- ئەسلا يوق ساني،

يوق مېنى يەماي ھېچكىم قارارى،
توق بولسۇن گەرچە يەتمەس ئامالى،

مېنىڭ بارلىغىم ئەلنى شادقىلۇر.
بىر قېتىم يېگان دايىم يادقىلۇر،

يەسا ھەر ياخشى مەگەر تۇشىدە①،
تاگلاسى قوپۇپ تۇتادۇر رۇزە...»

قىلدى شاپتۇلۇ ئۆرۇشنى ئەدەم.②
ئالما غە شۇنداغ يەتتىلەر ئەلەم.

شاپتۇلۇ بىلەن قىلما ققە مەيدان③،
ياڭاق ئاچچىغلاپ كەلدى شۇزامان:

«سەن كوھىجاھان④، سوزۇك ئانچىنان⑤،
يۇز-كوزۇڭنى تۇك بېسىپتۇر ھايۋان!.

يەسا ھەركىم بەش-ئالتى شاپتۇلۇ،
ئاغزى بەتتامدۇر يېگاندەك ئاغۇ⑥...»

شۇيەگلىغ ماجرا توكتىلەر ياڭاق،
ئۆز تەنرىپىگە ئاچتىلار تاماق⑦.

ئېيتدى ئۇشۇنداغ: «مەندۇرمەن دىلدار،
قىزۇ- ئوغلانلار مېنىلا ئوينار.

توھپە ئەيلىشۇر چەت-يىراق يەرگە،
غېمىم يوق ئۆرسا ھەرقانداق يەرگە...»

ئاچچىغلاپ ياڭاق ھالى قالمادى.
ئانارد ىن كەتتى ھۇش، تۇرالمادى،

دەمدىن سۇلۇك⑧ ھۇشىغا كېلىپ شۇل سائەت،
ماجراقىلغالى قىلىپ تېز سۇرئەت،

ياڭاق بىلە ئۇ باشلادىلەر جەڭ.
ياڭاق ھالىنى ئەيلادىلەر تەڭ:

«ياڭاق- يالىڭاچ، تېرەڭنى سويۇپ،
ئاپتاپقا قاقلار، تاغارغە قويۇپ.

سېنىڭدىن مەگەر بىر تاغار بولسە،
ھۇشۇقچە تاشكارھەم چاقار بولسە.

يېردىلۇر سەن ھەر ئۇرسىلەر «جاق-جاق»
چاقادۇر سېنى دۇمبالاپ «ۋاق-ۋاق»

ھەركىم چىرايى بولسەگەر قىزىل،
كورگانلار ماڭا قىلادۇ تەھسىل⑨.

قىزىللىغىمدۇر زىننەتى باغى،
لالەباغرىدا ئەشكىنىڭ⑩ داغى.

ياخشى ۋەسپىمنى⑪ تېخى قىلدىم كەم.
ئەيىپ، ئۆزۈڭنى ئوتكۇرمە بۇدەم!...»

ماجرانى تامام ئەيلادى ئانار.
تەرىپىمنى شۇنداغ سوزلادى بىسيار.

نۇبەت چىلاننىڭ، ئەيدى: «ھەي تەلبە،
لابىڭدا قىلاي دەمەنا غەلبە؟

قىلادۇر ھەركىم سېنى پار- پارە
ئاچالىك ئورۇلسە ھالىڭ ناچارە...»

چىلان ئەشۇنداغ ئۆرۈشنى باشلاپ،
قىلدى ۋەسپىنى ئوتتۇراغا تاشلاپ،

«ئاتىمدۇر چىلان، ئۆزەم بىر ساھاپ.⑫
ھەمە ئاغرىقنىڭ داۋاسى-ئەسباپ.⑬

---

① تۇشىدە- چۇشىدە. ②ئەدەم- تامام. ئاخىرلاشتۇرۇش. ③مەيدان- مۇنازىرە. ④كوھى جاھان- تاغنى ماكان ئەتكۇچى. ⑤سوزۇك ئانچىنان- گىرپىكشۇنچە كوپ. ⑥ ئاغۇ- زەھەر. ⑦ تاماق- (تامغاق)- ئېغىز، ⑧ سۇلۇك- كېيىن، ئارقىدىن. ⑨تەھسىل- تەمسىل، ئوخشۇتۇش ⑩ئەشكىنىڭ- ھەسرەت يېشى. ⑪ۋەسپىم- تەۋسىپى. ⑫ ساھاپ- سەھەدىسالامەتلىك. ⑬ئەسباپ- (قورال)- كېرەكلىك مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com



يىغار ھەركىشى مېنى «دارى»دەپ،
ئاغىرىقىنىڭ شىپا سەھەد يارى دەپ»

ئىشتىپ① چۈن بىيە چىلان سوزىنى،
مەيدانغە ئۈردى شۇئان ئۆزىنى.

ئۆكاھ يۈمۈلاپ، گاھى يۈگارىپ،
چىلان يۈزىگە نەچچە تۆكارىپ،

دېدى: «بىي ھا يا، سوقا شەرمەندە،
ماجرا قىلغالى نىمە ھەد سەندە؟

سا ڭا كىم قويدى سوزلىمەكلىكنى،
قىلدۇڭغۇ تالاي بىمەدە پىلىكنى!

نەشقەڭنى ئېيتىپ بىزگە سوزلارسەن،
ئوزۈڭگە يۈزمىڭ ئەلەم كوزلارسەن.

بارچە مۇڭلەر ئارامەن ئەئلەم، ②
ياخشى ۋەسپىمنى بولدى، مەن دىمەم③...»

ئىشتىپ نەشپۈتە بۇمەغلۇبەنى،
يۈگارىپ كەلدى ئۈرغالى ئەنى.④

دېدىكىم: «ئاتىم-نەشپۈت غەيرەتلىك،
يىگالى لېزىز، شىرىن شەربەتلىك.

يىسا ھەركىم بۇلەززىتىم بىلە،
يېرىلۇر ئاغزى شەرۋىتىم بىلە.

چۈن يەتتى ماڭا شاھلىقتا نوبەت.
ئوزگىدە بارمۇ، ئېيت، مەندەك ھورمەت؟

بولسە ھەركىشى ئەقىللىق، دانىش،
زورۇرىيەت قىلۇرسا قلاپ يازۇ-قىش...»

نەشپۈتە سوزنى ئەيلادى ئاخىر،
جىنەستە بولدى مەيداندا ھازىر.

ئۇھەم ھىكايە باشلادى دەرھال،
ماجرا ئەيلادى ياپراغى تال-تال.

ئېيدى جىنەستە: «نەشپۈتە نادان،
دېگان سوزلارىڭ ھەمەسى يالغان!

"مەن نەشپۈتە" دەپ پارالئەتتىڭ كوپ.
ھەر بىر سوزۈڭدىن باتىللىق⑤ توكۇپ.

كورۇشتۇڭ مېنىڭ مىۋەمنى كىچىك.
بو يۈمنى پاكار، ئوزەمنى ۋىجىك.

قېنى قا يىسىڭدىن قالادۇر ۋەسپىم،
قىلما دى ئەجەپ يۈزلارىڭ "چىم-چىم"....»

قاغۇن⑥غا ئاڭداق يەتتىلەر خەبەر،
ماجرا قىلماققە ئاتلاندى سەھەر.

بولدى جىنەستە شۇمنىڭ سوزىنى،
پارە-پار قىلدى قاغۇن ئوزىنى.

چۈشتى سۈرئەتتە قاغۇن شول زامان،
قىزىدى ماجرا ئەجەپ بىر مەيدان.

قاغۇن ئېيدىكى: «ئەي جىنەستە شۇم،
شۇملۇغۇڭ ئالەم ئەھلىغە مەئلۇم.

ئەي ھارامزادە، بىھا يا، ئاتىمىز،
مېنى يوق دەپ نەلاپنى ئاتىمىز.

ماڭا بىر باقىن جىنەستە ئەقرەب⑦.
ئاغىرىيدۇ كىمكى قويسە مېنى يەپ.

ئەي-ئەي پاراكچى، ئالا يۈمۈلاق،
ساڭا ئوخشە كوپ ئېغىلدا ماياق.

تاتىملىڭنى يىغ، ئاۋايلا ئوزۈڭ،
ئوزۈڭگە چۈشلۈق بولسۇن گەپ-سوزۈڭ...»

قاغۇن ئاشۇنداغ ماجرا قىلۇردى.
جىملە ⑧دىن ئۈزىن ئەفزۇن⑨ بىلۇردى.

ئېيدى ئۈيەنە: «مەندۇرمەن نىمەت،
مېنى كىم يىسا تاپۇرلەر راھەت.

① ئىشتىپ: — ئاڭلاپ. ② ئەئلەم — (ئەلەم) — دىنى جەھەتتىكى كاتتا مەنسەپ نامى. ③ دىمەم — دىمەيمەن. ④ ئەنى — ئۇنى. ⑤ باتىللىق — ئىمان ۋەتى يوق ئوتمەس سوز. ⑥ قاغۇن — قوغۇن. ⑦ ئەقرەب — چايان. ⑧ جىملە — ھەممە، بارچە، جىمى. ⑨ ئەفزۇن — زىيادە، ئارتۇق.

بىر ئاتىم مېنىڭ «قارىقاش پېژگان»①،
تەم-لەززىتىمدە ئەسلا يوق نۇقسان.

بىرسى «ئاقىنا بات»②، بىرسى «كوك
نابات»③،
قەيسىنى يىسا شىكەررۇ-نابات.

بىر ئاتىم يەنا بىل «بېشەك شىرىن»④،
لەززىتىم ئالەم ئەھلىگە تەئيىن.

بىرسۇپاتىمدۇر «تورلىغى چاغدا»⑤،
«چاغدا» دەك مىۋە بارمىدۇر باغدا؟

يەيدۇرۇر ئېيتاپ «چۆرۈك» دەپ تىشلىق⑥،
«چاغدا»نى يىغىپ قىلاشۇر قىشلىق.

خەخنىڭ ياخشىسى مېنى تېرۇرلار،
پىشقانىمنى يەر تىشى قېرىدلار.

مېنى تېرىغان بولادۇر پازىل⑦،
تاكىلا⑧جەننەتكە بولغۇسى داخىل⑨.

تۇقان كىلورمىز تابۇز⑩ بىلە بىز،
قانار ئۇسسالىق ئېيىنى يىسەگىز.

تابۇز-چوقۇر، لىك⑪ ئىچىدۇر گۈلنار،⑫
ئېينىڭ شەربەتى گۆشتىمدىن بىسيار.⑬

ئۆسىسۈغان يىسالەرنى راھەتدۇر،
شەربەتىن ئىچسا بەك ھالاۋەتدۇر.

كەلتۇر ئالدىڭغە پارەقىل بىرنى،
چىقار ئېينىڭدىن بىرقازان شىرنى.

بارمۇئالەمدە مەن كەبى مەھبۇپ،⑭
قانچە دەي پۆتماس⑮ بۇسۇپاتىم كوپ...»

قاغۇننىڭ مۇنچە سوزىنى ئاڭلاپ،
چۆشتى مەيدانغە ئۆزۈم ساڭگىلاپ.

ئۆزۈم ئېيدىكى: «ئەي قاغۇن قالتاق،⑯
سېنى كىم يىسا ئاغزىدۇر شالتاق.⑰

بەزى مۆشت بىلە باشىڭنى يارۇر،
كوتىرەپ بەزەن يەرگە راس سالۇر.

تاقاپ⑱ بىر قىلۇر مەينەت تورۇقۇڭ،
بولغايدۇ ئۇينى شاپاق، ئۇرۇغۇڭ.

باش بۇرنۇڭ چىقسە، پىشالىڭ ئىت يەيدۇ،
بۇسۇپاتىڭنى كىممۇ بىلمەيدۇ؟

ئەل تىرەڭ سويۈپ قىلاشۇرلار قاق،
قوسا قىلىڭ يارۇر ھەم مۇزاي، توپاق.

پىشقانىڭ تورماسلەر سا پاقىدە،
خاملارىڭ قالۇر مال ئاياغىدە...»

ئۆزۈم شۇيە ئىلىغ قىلدى كوپ ئۇرۇش،
ئېيدى تەئرىپلەپ ئۆزىنى، خورۇش⑲:

«مەندۇرمەن مىۋە ئارا ئارزۇلۇق،
خوش يىماككا مەن- ھەمەدىن تاتلۇق.⑳

نازىنىن دۇرمەن چىمەن ئىچىندە،
مەن كەبى بىرسى بارمۇ ئالەمدە؟

ئولشىرنە مەندىن بولۇپدۇر پەيدا،
شىرنەھا لاۋاغە ھەمەدۇر شەيدا.

قىلاي سوزۇمنى بۇيەردە تامام،
قىلمىسۇن يانە ئەيىپ خاسۇ-ئام...»㉑

---

① «قارىقاش پېژگان»— قارىقاشتىن چىقىدىغان پېژگان قوغۇنى. ②③④⑤— قوغۇنلارنىڭ ئىسمى. ⑥ تىشلىق—چىشى بار كىشىلەر مەنىسىدە. ⑦ پازىل—ھورمەتلىك. ⑧ تاكىلا—قىيامەت، مەھشەر كۈنى. ⑨ داخىل—ئىرىشمەك. يەتمەك. ⑩ تابۇز— تاۋۇز. ⑪ لىك— لېكىن. ⑫ گۈلنار— قىزىل رەڭلىك. ⑬ بىسيار—زىيادە، ئارتۇق. ⑭ مەھبۇپ— يېقىن، سۆيۈملۈك. ⑮ پۆتماس—(پۈتمەس)- توگۈمەس. ⑯ قالتاق—قاداغ، بەزلەش. ⑰ شالتاق—پاسكىنا. ⑱ تاقاپ—تارقاپ، چېچىلىپ. ⑲ خورۇش— (خىمىر تۇرۇش)— كەپ يورغىلىتىش، غەۋغا كوتىرىش مەنىسىدە. ⑳ تاتلۇق—تاتلىق. ㉑ خاسۇ-ئام—جامائەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇھەتكا يەنى ئۆتۈپتۇ، شۇ زامان،
خورمىكە كەلدى قىلغالى مەيدان.

خورما ئېيتىدىكى: «ئەي ئۈزۈم شۈك① بول،
خۇجا كۈمەن تۇرۇپ تىڭماس سا ئاغزىڭ يول.

نەشقىلىق بىلەن كۆپ ماجرا قىلماسەن،
ھەددىڭدىن ئېشىپ يۈزۈڭ قارا قىلماسەن.

كۆمەلدۇر قىشتا بېشىڭ تۇپراققا،
گەردەنلىرىڭدىن ئاسارقا زىنا قىغا.

قىلدۇر ئۈزۈم، سۈيۈڭدە چەمغىر②،
چەمغىر ئىچكەنلىك گۇناھى ئېغىر...»

شۇ بۇ خۇسۇستا گەپ بولدى ئەفزۇن③،
خورما بولدىلار جۈملەدىن فۇزۇن④.

ئېيتىدى ئۈزۈم: «مەن لاشا ھىدۇرمەن،
ھەممە بارچىغە ھەم پانا ھىدۇرمەن.

سورىساڭ ئەسلىم بېھىش باغىدۇر،
ھۆرمىتىم ئەنبىيا⑤ زاماندۇر.

مەندۇرمەن مىۋىلەرئارا نا ياب⑥،
مېنى يەرھەممە خەلايىق، ئەلقاب⑦.

مېنى يىققانلار تاپتىلار ئىززەت،
ئاغرىقلارىسا تاپتى ھەم سەھەد⑧.

قېنى، ئېيتىشقىن، شۇندا تۇرۇغلۇق،
كىمگە ئاتاشادۇر شاھلىق، ئۇلۇغلۇق؟...»

ئاخىر خورما ئىلىق بۇسوزى ئۆتتى،
ھەممە مىۋە بۇ سۆزگە چىم پۈتتى⑨.

بولدى خورما باش— جىملىگە سۇلتان،
ئۈزگىسى بولدى ئۇ تۇتقۇچى پەرمان.

شاھ خورما تورگە چىقىپ ئولتۇردى،
سوزگە كىرمىگان بولسە ئولتۇردى.

بارچە ھۆكمىدە تىزدىلدى سەپ-سەپ،
ھەر قايسىغە بۇيرىدى مەنسەپ:

ئۈزۈمنى قىلدى ئۆز ئىگەۋىزىر،
نەشپۈتسا يىلاندى بامەسلىھەت ئەمىر⑩.

ھۆكمى سۇلتان، كى بېھى ئىشىك ئاغە⑪،
بولدى شاپتولا جىملىغە دورغە⑫.

ئالمىغە تەگدى مەنسەبى قازى⑬،
شولۋەقت بولدى ئانارھەم مۇپتى⑭.

قاغۇن-تاۋۇزنى مىراپ⑮ ئەيلادى،
جىملە تەشنانى سىراپ⑯ ئەيلادى.

يەنە ئورۇكنى قىلدى قازناقچى⑰،
ئۈجمە ھەم بولدى شاھقە ياندا قچى⑱.

قىلدى چىلانىنى بۇندا باكاۋۇل⑲،
ياڭاقنى دەرۋازىغە ياساۋۇل⑳.

پىتنىخور ئەردى پاكار جىنىەستە،
تەگمىدى خىزمەت قالدىلار پەستە....

①شۈك— جىم. (توختا) ②چەمغىر— ھاراق، مەي زاپ. ③ئەفزۇن— ئۇزۇن- تولا. ④فۇزۇن— ئىسىل. ⑤ئەنبىيا— پەيغەمبەر. ⑥نا ياب— كۆركەم، زىبا. ⑦ئەلقاب— توت ئەلقابىچە ئارپيار. ⑧سەھەد— ساقلىق، سالامەتلىك. ⑨چىم پۈتتى— راست دەپ ئىشەندى. ⑩ئەمىر— لەشكىرى قوماندان. ⑪ئىشىك ئاغە— دەرۋازىۋەن، پوست ⑫ دورغە— ئاۋان يىققۇچى، يۈگۈر- يېتىم ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى. ⑬قازى— دىنى مەسىلەردە دەۋا ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىدىغان شەرىئەت ھۆكۈمچىسى. ⑭مۇپتى— نازارەت قىلغۇچى. ⑮مىراپ— سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى. ⑯سىراپ— قانىق، قاندۇرماق. ⑰قازناقچى— ئامبار، خەزىنە باشقۇرغۇچى. ⑱ياندا قچى— مەسلىھەتچى، ھەمكارلاشقۇچى. ⑲باكاۋۇل— تاماق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى. ⑳ياساۋۇل— كۆزەتچى، ساقچى.

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن




(چۆچەك)

بۇرۇندىنمۇ بۇرۇندا، يا بولەك جايدا، ياكى مۇشۇ ئۆرۈندا، تەكلىماكاننىڭ بېشىدا، ھېلىم ئاتام① نىڭ قېشىدا، ئالچىننىڭ سەلتېشىدا بىرمەھەللە بولۇپتىكەن. بۇمەھەللىنىڭ قويىنى باغ، مەۋىلىرى ياغ، سۈيى ئاتلىق، ئادەملىرى بولسا گاھىسى پىيادە، گاھىسى ئاتلىق ئىكەن.

شۇئادەملەر ئارىسىدا داۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك 80 ياشقا كىرگەن بىر ئىگەرچى ئۇستام بولۇپ، ئۇ، ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، داڭقى نەـنەلەرگە كەتكەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىدىن توققۇز، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغول پەرزەندىسى بار ئىكەن.

ئىگەرچى بوۋاي 10 ئوغلىغا تەڭكوز بىلەن، خوتۇنلىرىغا بولسا كەڭكوز بىلەن قاراپ، بالىلىرىنى غەشلىككە، خوتۇنلىرىنى كۈندەشلىككە قويماي تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. شۇغىنىسى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان توققۇز ئوغلى ھورۇن، تىرىككەك، يېگىلى ئامراق، ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان زېرىككەك؛ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغول زىرەك ھەم ئىشچان، كۆڭلى توز، ئۇچۇق يۈز بولۇپ ئۆسكەن ئىكەن. شۇڭا، بوۋاي 10 ئوغلىغا ئۆز ھۈنىرىنى تەڭ ئۆگىتىپ، ھالال ياشاپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، 9چوڭ ئوغلى ئىگەرچىلىك ھۈنىرىگە بوش قىزىقىدىكەن، ھېلى قىلغان ئىشىدىن ھېلى ئېزىقىدىكەن. باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنىگە چىدىماي كۆز قىزارتىدىكەن، تەييار تاپ مۇجەز بىلەن باشقىلارنىڭ ھالال رىسقىغا قول ئۇزارتىدىكەن.

ئەمما كىچىك ئوغول دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىس، ھۈنەرگە ـ ھالاللىققا ھېرىس ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا دادىسى بۇبالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر كېتىپتۇ. داۋۇت ئاخۇن ئىگەرچى قېرىپتۇ، ئۆمۈر ئېتى ھېرىپتۇ...

بوۋاي ئۆلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چوڭ خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ توققۇز بالىسى ئۆيىسا تىلىرىنى پوكىنىغا بېسىپ، كىچىك خوتۇن بىلەن كەنجى ئوغلىنى ھەرتەرەپتىن قىسىپ، خارلاپتۇ، كوپ ئۆتمەي بولەك ئۆيگە يەرىپ بىر كالەككە پالاپتۇ.

چوڭ خوتۇن ۋە توققۇز ئوغول ئۆگەچە قالغاندىن كېيىن، ئىش قىلماي يېتىپ يەپ، يەر ـ زېمىنلىرىنى ئالغىنىغا سېتىپ يەپ يىلغا قالماي ئۆزى ئاق يەردە، پەللىكى داق يەردە قاپتۇ.

كىچىك ئوغول ئاتىسىدىن ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن ئىگەرچىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ جان بېقىپتۇ، 9 ھورۇن ھەپتىسىگە ئاران بىردانە ئىگەر

---

① ھېلىم ئاتام ـ جاي ئىسمى.

www.uyghurkitap.com



ياسسا، ئۇ، يالغۇز ئۆزى ۋە ئېگەر ياساپتۇ، شۇڭا ئىش كۈندىن-كۈنگە ئېقىش تېپىپ، تۇرمۇشى تەدرىجى ياخشىلىنىپتۇ. كىچىك ئوغۇلنىڭ ۋە ئېگىرى بازاردىن ئېشىپ قالماپتۇ، ئەمما چوڭ ئوغۇللارنىڭ قول ئۇچىدىلا ياسىغان بىر تالدىن ئېگەرنى ھېچكىم ئالماپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان ۋە ھۆرۈن بارىيامانلىقنى ئىنىسىدىن كۆرۈپ، نېمە قىلىشى ھەققىدە يوشۇرۇن مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. خۇدايىمدىن ئۆزلىرىگە ئامەت، ئىنىسىگە پالاكەت تىلىشىپتۇ، ئاخىرى بولماي، يامان غەرەزبىلەن چىشلىرىنى بولۇشۇپتۇ. ئەتە بازار دېگەن كۈنى تۈن نىسپى بىلەن ئىنىسى ياتقان ھويلىغا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ. تام تۈۋىدىكە قاتار تىزىپ قويۇلغان بىر-بىرسىدىن چىرايلىق ۋە ئېگەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئوتقا يېقىپتۇ. «ئەمدى بىز ئېگىرىمىزنى ساتالايمىز» دەپ ئويلاپ خوشلۇقتىن شۇلگەيلىرى ئېقىپتۇ.

ئەتىسى، ئىنىسى قارىغىدەك بولسا ئېگەرلىرى يوقمىش. «بۇنى قىلغانچوقۇم ئاكىلىرىم» دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ گەپ-سۆز قىلماپتۇ. ئۆيىدىن بىر تاغار ئاچىقىپ كۆل ئىچىدىن كۆمۈرلەرنى خىللاپتۇ. ئۇنى تاغارغا قاچىلاپ، ئېشەككە ئارتىپ، ئۈستىدىن ئاغامچا بىلەن چىڭ تارتىپ، بازارغا راۋان بولۇپتۇ.

شۇ شەھەردە پۇلدىسە ئىمىلەكلەيدىغان، بىر پۇلنى «ئانام»، يەنە بىر پۇلنى «دادام» دەيدىغان ئاچكۆز بىر باي بار ئىكەن.

كەنجى ئوغۇل ئەشۇ باينىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ «كۆرسەكۆمۈر، كۆرمىسەئالتۇن. ئەرزان ساتىمەن — نەخ ساتىمەن، پۇلغا ئامراقلار بۇنى دەرھال سېتىۋالسۇن!...» دەپ توۋلاپتۇ.

— كەم ئەقىل، ئاچكۆز باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆيىدىن سىرتقا چىققۇچە نەچچە يىقىلىپ-قوپۇپ، «سۇبھانەللا» نى تالاي قېتىم ئوقۇپ, كەنجى ئوغۇلنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ئاستا پەچىرلاپ سوراپتۇ:

— تاغىرىڭىزدىكى نېمە؟ بالا!

— دىدىمىغۇ، كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن، بۇ تاغارغا قاچىلانغىنى ئەسلى ئوتۇن، ھازىر كۆمۈردەك كۆرۈنىدۇ، ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاغزىنى ئاچساڭ بۇ كۆمۈر ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. ئالايدىسەڭ ساڭا مىڭ تىللاغا ساتىمەن، بولمىسا ئىشىكىمنى ھەيدەپ قايتىمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپ كالتە پەم باينى قىزىقتۇرۇپتۇ. «ئالتۇن» دېگەن گەپ ئەقلىدىن يەنىمۇ ئېزىقتۇرۇپتۇ. «باشقا بىركىم ئېلىۋالمىغىدى» دەپ ئەنسىرەپ توت تامغا بېقىپتۇ، ئاندىن كەنجى ئوغۇلنى ئىززەتلەپ دولىسىغا قېقىپتۇ. ھەرقانچە بېخىسىق، ئاچكۆز بولسىمۇ بىر تاغار «ئالتۇن» نىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ، شۇڭا باھاسىنى تالاشماي دېگىنىگە ئېلىپتۇ، كۆمۈر بايغا قېلىپتۇ. مىڭ تىللانى كەنجى ئوغۇل يانچۇقىغا سېلىپتۇ. ئۇ مال بازىرىدىن يازام ئىككى قېچىر سېتىۋاپتۇ. ئاشلىق بازىرىدىن ئىككى تاغار بۇغداي، گۆش بازىرىدىن يېرىم سان گۆش ئاپتۇ. سودىلىغى تۈگىگەندىن كېيىن ناخشىسىنى دولققوپۇرۇپ مەھەللىسىگە قايتىپتۇ.

چوڭ خوتۇندىن بولغان توققۇز ئوغۇل قارىغىدەك بولسا، ئىنىسى ئىككى قېچىرغا مال يۈكلەپ، ناخشىسىنى بولۇشىغا ئوقۇپ كېلىۋاتقىدەك. بۇ ھالدىن كاڭگىرىغان پېتى بىر-بىرىگە كۆز قىسىپتۇ. ھەيرانلىغىنى ئىلقە تەسلىكتە بېسىپتۇ. ئاردىن بىرسى، ئارقىدىن ھەممىسى چىقىپ يولنى توساپتۇ، يالغاندىن ئەھۋال سوراپتۇ ۋە «بۇنچە نەرسىنى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپ قىستاپتۇ.

كەنجە ئوغۇل بولغان ئەھۋالنى؛ قىلغان ئامالنى، تاپقان پۇل-مالنى ئاكىلىرىغا جايى-جايى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قوسىغىغا جىن
كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆيىگە چىقىپ بىر ھەپتىدىن
بۇيان ياسىغان توققۇز ئىگىرىنى يىغىپ ئوت
قويۇپتۇ. كويۇپ لاخشى بولغاندا ئۈستىگــە
بىر نەچچە ماتال سۇ قۇيۇپتۇ. چوغ-كومۇر-
گە ئايلىنىپتۇ، كومۇر-تاغارغا جايلىنىپتۇ.
توققۇز ھورۇن بازارغا قاراپ يولغا چىقىپ-
تۇ. ئۇلار بازارنى چوگىلەپ، ۋاقىراپ-جا-
قىراپ ھالىدىن كېتىپتۇ، بىرچاغدا قەدىمى
ھېلىقى، كومۇرنى «ئالتۇن» دەپ سېتىۋالغان
كەم ئېقىل، ئاچكوز باينىڭ دەرۋازىسى ئال-
دىغا يېتىپتۇ.

بۇچاغدا باي ئالدانغىنىدىن غەمگە
چوكۇپ، مىڭ تەللانىڭ دەردىگە تىنىماي ياش
توكۇپ، پۇتى كويگەن توخۇدەك پىقىــراپ،
پىچاق تەككەن توپا قتەك باقىراپ يۇرگەن ئى-
كەن. «كورسە كومۇر، كورمىسە ئالتۇن، ئەر-
زان ساتىمەن، نەخسا تىمەن» دەپ ۋاقــ-
راشقان ئاۋازنى ئاڭلىغان باي ئويىدىن يۇگ-
رەپ چىقىپ، بۇلارنى ئۇرۇپ-سورەپ قازىنىڭ
ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. قازى ئەھۋالنى ئۇقۇپ
توققۇز ئوغۇلنى 40 تىن دەررە ئۇرغۇزۇپتۇ.
ئاندىن يانچۇقلىرىنى ئوڭ-تەتۇر قىلىپ بار-
يوقىنى بايغا تاپشۇرتۇپتۇ. ھەتتا مىنىپ بار
غان ئېشەكلىرىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

تاياق دەستىدىن ئۇستىخانلىرى ئوزۇ-
نىڭ ئەمەستەك، مال بىساتىدىن ئايرىلغانلىنىڭ
ئىچ پۇشۇغىدا مەس-ئەلەستەك بولۇپ قالغان توق-
قۇز ئوغۇل دەرت-ئەلەمگە پايلىماي، قىلمۋاتـ-
قان ئىشىنىڭ ئالدى-كەينىنىمۇ ئويلىماي مە-
ھەللىسىگە چىقىپتۇ. كەنجە ئوغۇلنىڭ ئويە-
گە كىرىپ، ئۇنى ئىزدەپ ئــۆيان-بۇيانغا
بېقىپتۇ. ئۇنى تاپالماي جىلە بولغىنىدىــن
كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىنتىقامىنى ئانىسىدىــن
ئاپتۇپ-بىچارىنىڭ كېلىنى غىققىدە سىقىپتۇ.
... بىرچاغدا، كەنجى ئوغۇل توگمەندىن قاي-
تىپ كېلىپ ئويىگە كىرگۇدەك بولسا ئانىسى ئو-
لۇك ياتقۇدەك. ئوغۇلنىڭ كوزلىرىدىن تاراملاپ

ياش تۆكۈلۈپتۇ. بۇ ئىشنى ئاكىلىرىنىڭ قىل-
غىنىنى بىلىپ، چىشلىرى گەز-گەز بولۇپ مۇش-
لىرى تۈگۈلۈپتۇ. لېكىن «قازاغا رىزا، با-
لاغا سەۋرى» قىلىپ ئاچچىغىدىن يېنىپتۇ.
بىرھازا ئويلىغاندىن كېيىن، ئەپچىل بىرچا-
رە ئويلاپ تېپىپتۇ...

ئەتىسى ئەتىگەندە مەرھۇمنىڭ ئۇستى-
ۋېشىنى يەڭگۇشاپە بىر ئورۇچ پاختىنى يا-
غاچقا پەلكۇشلەپ، پەلكۇشنى ئوسىغا مى-
لەپ، ئانىسىغا كېلىشتۇرۇپ پەدازقىپتۇ. ئان-
دىن كېيىن قېچىرغا ئاۋايلاپ مىندۇرۇپ، يې-
قىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولتۇغىنى ئىككى
ئاچىغا ئىلدۇرۇپ، سەھرا تەرەپكە قاراپ يول-
غا چىقىپتۇ.

بۇسەھرادا ناھايىتى پىخسىق، گەپ-
لىرى سېسىق، كوزلىرى قىسىق، ئاچچىغى يا-
مان بىر باي ئالتە مولاق يەرگە خامــان يا-
ساپ بۇلە يېيىپ تۇرىدىكەن. كەنجە ئوغۇل
ئانىسىنى مىندۇرگەن قېچىرنى باينىڭ خا-
مىنىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ. ئوزى بولسا سەل يې-
راقتىكى بىركالتە تامنىڭ كەينىگە ئــوتۇپ
تاھارەتكە ئولتۇرۇپتۇ. قېچىر چــەشلەنگەن
بۇغداينى كومۇلدىتىپ يىگىلى تۇرۇپتۇ. پىخ-
سىق باي بۇھالنى كورۇپ ئەرۋايى قىرىق گەز
ئورلەپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە يۇ-
گۇرۇپتۇ ۋە قولىدىكى تومۇر ئارىلەن قېچىر
ئۈستىدىكى مەرھۇمنى بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ.
مەرھۇم يەرگە يېقىلىپ چۇشۇپتۇ.

شۇچاغدا كەنجى ئوغۇل كالتە تامنىڭ
ئارقىسىدىن تامېلىنى يۇلىگەن پېتى يۇگرەپ
چىقىپ، ئانىسىنىڭ مەگزىدىكە مەگزىنى يېقىپ
«ۋاي ئانام» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

باي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ
تۇرۇپ قاپتۇ، كەنجە ئوغۇل «ئانامنى تولەي»
دەپ باينىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. خــۇن داۋاسى
قىلمەن دەپ قازى قېشىغا ســورەپ بولۇشچە
داۋراڭ ساپتۇ.

باي كەنجە ئوغۇلغا بىرھازا يالۋۇرۇپ

تۇ. ئاندىن ئىككىسى سۆزلىشىپ: باينى قازى- نىڭ قېشىغا سورىمايدىغان، كەنجە ئوغۇلمۇ بۇ- ئىشنى بىر كىمگە دېمەيدىغان، باي 20 تاغار بۇغداي، 20 ئىشەك، 2 مىڭ تىللا نەق پۇل بېرى- دىغان، جەسەتنى كەنجە ئوغۇل ئاستىلا ئاپى- رىپ كۆمۈدىغانغا كېلىشىپتۇ.

ئەتىسى، توققۇز ئوغۇل قارىغىدەك بول- سا كەنجە ئوغۇلنىڭ ھويلىسى ئاش بىلەن ئىشەك- كە، يانچۇقى پۇل-پىچەككە تولۇپ كەتكەنمىش. ئۇلار كەنجە ئوغۇلنىڭ ھويلىسىغا كېلىپتۇ «ئەس- سالام ئىنىم، بۇنچە مال-دۇنيانى نەدىن تاپ- تىڭ؟» دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاندۇرماي كۆرۈشۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— كېچىدىن ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىكەن، ئانام رەھمەتلىك تۇيۇپ قېلىپ جېدەللىشىپتۇ، ئا- يال كىشىگە باقماي ئېلىشىپتۇ- بەللىشىپتۇ. ئوغرى ئانامنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋې- تىپتۇ. تۈگمەندىن كەلسەم بىچارە ئانام ئۆ- لۈك يېتىپتۇ. ئانامنى خېچىرغا ئارتىپ ئاغامچا بىلەن چىگىپ، مەھكەم تارتىپ با- زارغا باردىم. «ئانا گۆشى ئالامدۇ؟» دەپ ۋا- قىردىم. نەق پۇلى بارلار تىللاغا، پۇلى يوق- لار ئىشەك ۋە ئاش-تاغارغا تالىشىپ سېتىۋال- دى. بۇ مال- دۇنيا «ئانا گۆشى» ساتقان پۇلغا كەلگەن.

توققۇز ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشىنىپ- تۇ، ئاخماقلىقىدىن يالغاننى راست دەپ چۈ- شىنىپتۇ. توققۇزى بىر مەسلىھەت قىلىشا-قىلىشـ ما يلا ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈ- شۈپتۇ.

كەنجە ئوغۇلنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئانى- سىنىڭ ئۆلۈكىنى ئىشەككە تېڭىپ، سەھەرلەپ مېڭىپ بازارغا بېرىپ «ئانا گۆشى ساتىمىز» دەپ ۋاقىراپ- جاقىراپتۇ. ئۈنلىرى پۈتۈپتۇ، دەرمانى كېتىپتۇ، ۋاقىت كەچ پېشىندىن ئۆتۈپ- تۇ. ئەمما ھېچكىم «ئانا گۆشى» سېتىۋالماپ- تۇ، ئەكسىچە، بۇلارنى «ساراڭ» ئىكەن دەپ چوڭ- كىچىك، ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممىسى مەسخىرە قىلىپتۇ. چالما-كېسەك ئېتىپ، لاي چېچىپ با- زاردىن قوغلىۋېتىپتۇ.

توققۇز ئوغۇل دەردىنى ئىچىگە سىغدۇ- رالماي غالجىرلىشىپتۇ. كەچتە مەلىسگە كې- لىپلا ئىنىسىنى تۇتۇپ تاغارغا سولاپ، ئىشەككە ئارتىپ دەرياغا تاشلىۋەتمەك ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ماڭا-ماڭا بىر يەرگە بارغاندا، ماغدۇ- رى قۇرۇپ راسا ھارغاندا، ئىشەكنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى سەل يېراقتىكى ئېرىق بو- يىغا بېرىپ قاتتىق-قۇرۇق نانلىرىنى ئېرىق- تىكى لاي سۇغا چۆمۈراپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

كەنجە ئوغۇل تاغارنىڭ ئىچىدە ياتالماي، يا قوپالماي قىينىلىپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ يا- تقۇدەك بولسا، يېقىنلا بىر يەردىن قويلارنىڭ مەرەشكەن، ئىككى ئادەمنىڭ گەپلەشكەن ئاۋا- زى ئاڭلىنىپتۇ. ھايال ئۆتمەي بۇ ئاۋازلار ئى- شەكنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ.

— كىمنىڭ ئىشىكىدۇ بۇ، ئۈستىدە يۈكمۇ بار ئىكەن، — دەپتۇ بىرسى.

— خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ-دە، ھەيدە ئىشەك- نى، — دەپتۇ يەنە بىرسى.

بۇلارنىڭ سۆز- پارىڭىدىن تاغار ئىچىدىـ كى كەنجە ئوغۇل شۇنى پەھىم ئەتتىپتۇكى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى باي، يەنە بىرسى قوي- چى-مالاي ئىكەن. كەنجە ئوغۇل بىر پەس ئوي- لىنىۋالغاندىن كېيىن كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ، پۇرسەتنىڭ بارىدا بىر دەمبەس قى- لىپ باقماقچى بولۇپ يۆتۈلۈپ «ئەھە-ئەھە...» دەپتۇ.

يۆتەل ئاۋازىدىن چۆچۈگەن باي:

— كىمسەن؟ تاغارنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ دەپ تۋۋلاپتۇ.

كەنجە ئوغۇل «كىم بولاتتىم، ھاكىم بولماي- مەن دەپ مەنسەپتىن قېچىپ تاغارغا كىر- دۇۋالغان ئادەمەن!...» دەپ جاۋاپ بېرىپ- تۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي: «شۈكرى، ئۆزاق-

تىن بىرى مەنسەپ تاما قىلىپ ئاللاغا قىلغان يىغا ـ زارەم ئىشقا ئاشمىدىغان چاغ كەپتۇ...» دەپتۇ ـ دە، تاغارنى ئىشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ، كەنجى ئوغۇلنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ.

ــ سوزلە، ـ دەپتۇ باي، ـ كىم سېنى ھاكىم بول دەپ قىستىبدى؟ تاغارغا كىم سولىدى؟ قانداق قىلىپ ھاكىم بولغۇلۇق؟

كەنجە ئوغۇل:

ــ تونۇگۇن ئويدە ئولتاسام بىر توپ ياساۋۇلـ لاركېلىپ، «سىزنى شەھەرنىڭ ھاكىمى قىلـ ماقچى، مەيگەچىقىڭ» دەپ كەپتۇ ، مەن «تېچقىنا تىرىكچىلىگىمنى قىلاي، مەنسەپ تۇـ تۇشنى بىلمەيمەن» دەپ بىركۈن ياۋۇردۇم. ئۇلار «پادىشانىڭ بۇيـرۇغى» دەپ زادى ئۇنىمىدى، ئاخىرى تاغارغا سولاپ ئېلىپ ماڭـ دى. ياساۋۇللار مۇشۇ يېقىندا ئارام ئېلىۋاتىـ دۇ، ـ دەپتۇ.

باي ـ نا ھايىتى مەنسەپپەرەس، تاماـاخور ئادەم ئىكـەن ، ئـۇنىڭ ئۇزاقتىن بىرى بىرەرمەنسەپنىڭ چوققىسىغا مىنگوسى بولـىمۇ ھېچ يولىنى قىلالماي يۈرۈپتىكەن . كەنجە ئوغۇلنىڭ سوزى ئۇنىڭ مەنسەپ تاماسىنىـ ئارزۇ تەقەززاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپتۇ . شۇڭا :

ــ ئەي ئەخمەق، مانا ، ئالدىڭدا تۇرغان ئىككى يۈز قوي، ئەنەما لچى، مەن ھاكىم بولۇشـ قا رازى، ئىككىمىز مالنى مەنسەپكە، مەنسەپـ نى مالغا تېگىشەيلى ، بولامدۇ؟ ـ دەپتۇ.

كەنجە ئوغۇل بىلەن ما لچى ھېلىقى باينى ئەپـ لەپ، ئۇنى تاغارغا كەپلەپ، ئاغزىنى چىگىپ، ئىشەككە بۇرۇنقىدەك ئارتىپ قويۇپ، مالنى ھەيدەپ يولغا راۋان بوپتۇ .

قـويچى مالاي ــ مەنسەپـپـەرەس، ئاچـ كـوز بـا يـدىـن قـۇتـۇلـغـىنـىـغا، كەنجى ئوغۇل 200 قويلۇق بولغىنىغا خوش بولـۇپ، خوشلۇشۇپ ئايرىلىپتۇ.

ئەتىسى توققۇز ئوغۇل ئورنىدىن ۋاقچى تۇرۇپ، كەنجى ئوغۇلدىن قـۇتۇلدۇق دەپ

ھەيدىسىگە ئورۇپ تالاغا چىققىدەك بولسا ئەتراپنى بىر پادا قوي لىق ئاپتۇ. كەنجى ئوغۇلنى يەنىلا ھايات ھالىتىدە كـورۇپ: «ئاللا ـ توۋا» دەپ داتساپتۇ.

ــ ئولمىدىڭمۇ، بۇقويلارنى نەدىن ھـەيـدەپ كەلدىڭ؟ ، ــ دەپ سوراپتۇ ئاكىلىرى.

ــ ياق، ئولمىدىم، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل، ــ بۇقويلارنى سىلەر مـېنى تاشلىۋەتكەن دەريانىڭ تېگىدىكى ياىلاقـ تىن ھەيدەپ كەلدىم.

ــ ئاران مۇشۇ قويلا بارمىكەن، ياكى...

ئاكىلىرىنىڭ ئاچكوزلىگى، بەدنىيەتلىگىـ دىن تويغان كەنجى ئوغۇل كوڭلىگە بىرپىـ لاننى پۈكۈپ، چاندۇرماي مۇنداق دەپتۇ:

ــ ۋاي ئاكىلىرىم، ئۇيەردە پـا دا ـ پادا قويلار، قوتان ـ قوتان ئۇيلار ئىشقىلىپ ھەمـ مەنىمە بارئىكەن، مەن ئوزەمگە چۇشلۇق ھەيـ دەپ كەلدىم. قالغانلىرى «بىزنىمۇ يۈرۈق ئالەمگە ھەيدىگەچ كەت» دەپ مەرىشىپ، ھوـ كىرىشىپ قالدى...

ــ جېنىم ئوكام، ــ دەپتۇ ئـۇلار، ــ بىزگە شۇيەرنى كورسىتىپ قويغان بولساڭ، سىنىڭ سايەڭدە بىزمۇ مال ـ چارۋىلىق بـۇپقالغان بولساق؟...

ــ ماقۇل، ــ دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، ــ يۈرۈڭـ لار، مەن سىلەرگە قويبار يەرنى كورسىتىپ قوـ ياي.

توققۇز ئوغۇل كەنجى ئوغۇلغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بىرچاغدا دەريانىڭ چوڭـ قۇر يېرىگە بېرىپ، ئىگىزدىن تۆۋەنگە بېقىپـ تۇ. ئۇلار كورۇپتىكى، سۇنىڭ ئاستىدا بىر تالاي قوي ـ قوزىلار مەرىشىپ تۇرغىدەك. بۇ ئەسلى كەنجى ئوغۇل ھەيدەپ كەلگەن قويـ لارنىڭ سۇدىكى سايىسى ئىكەن.

ــ ئەنە، ــ دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، ــ قويلار مۇـ شۇ يەردە.

توققۇز ئوغۇل بىر ـ بىرسىدىن قىزغىنىپ، بۇرۇنراق سۇغا چۈشۈپ كوپرەك قوي ھەيدەپ

چىقىشىنىڭ ئېغىزىدا ئارقا-ئارقىدىن دەرياغا سەكرەپتۇ-دە، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل خاتىرجەم ھالدا مەلىكەگە قاراپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئىگەرچىلىك ھۈنىرىنى يېڭىۋاشتىن قولىغا ئېلىپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، بالا-چاقا تېرىپ ئۆزتەرىككىلىگىنى قىلىپتۇ. «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار»، «كىشىگە كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ» دېگەن سۆزئەنە شۇزاماندىن قالغان ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەن دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى «ئىگەرچى» دېگەن كەنت كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۇرۇغ-ئەۋلادى ئاۋۇپ كەلتۈرگەن جاي بولۇپ، ئىگەرچىلىك ھۈنىرى بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ ئۇزلىشىپ قالغانىمىش.

رەتلىگۈچى: خېلىل ئېلى

---

(بېشى 57-بەتتە)

دىن غالىپ چىقىدۇ... مانا بىزنىڭ كوزلەرىمىزمۇ يىللارنىڭ مەيى بىلەن خوشلاشتى، ماڭا ئۇكىدەپ ئۇيقۇ باسقان قاراشلىرىڭ بىلەن بىرقارا... بىزنى ئۇيقۇ قۇچىقىغا ئېلىشتىن ئاۋالراق مېنى قۇچاقلا، مېنى سۆيۈپ قوي. چۈنكى قار سېنىڭ سۆيۈشىڭدىن باشقا ھەممىنى يەڭدى... ئاھ، قىممەتلىك يارىم، بۇ دۇنيادا ئۇيقۇ نېمە دېگەن چوڭقۇر، ئاھ، تاڭ نېمە دېگەن يىراق...

«ئەرەپ پروزىسى» دىن نەشرگە تەييارلىغان.

جاپپار ئەمەت

---

(بېشى 65-بەتتە)

غا ئۆزىگىنى ئوبدان تونۇتۇپ قوي!—دەپ ۋاتىلدىدى.

ھەش-پەش دېگىچە، «سېيدام قويرۇق»نىڭ توت پاچىقى رۇس قالدى-دە، جېنىدىن جۇدا بولدى.

كەندىرچا ئۆزىنىڭ ھېلىقى جانىجان تۇخۇمىنى يەردىن قۇچىقىغا ئېلىپ، توپىسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۈرتىۋېتىپ:

—«سېيدام قويرۇق» نى ئولتۇرۇۋەتتىم، بەك ئوبدان بولدى، ئەمدى سىنى قاچۇرۋېتىدىغان پاچاق چىقمايدۇ!—دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاق پاچاق سېرىقنىڭ چىرايىدىكى خوشاللىق ئالامەتلىرى يوقالدى، ئۇ جىددىي تۇردە:

—ھەي كەندىرچا ئۇكام، بۇزۇق ساچقانلارنىڭ ھەممىسى تېخى پۈتۈنلەي يوقىتىلغىنى يوق، يەنىلا ھوشيارلىقنى ئوستۇرۇش لازىم—دە!—دېدى.

بودەكمۇ ناھايىتى ئىخلاس بىلەن:

—توغرا، توغرا، ئەمدى ساۋاق قوبۇل قىلمىساق، راستلا ئۇچچىغا چىققان ھاماقەت بولۇپ قالىمەن!—دېدى.

كەندىرچا بۇلارنى ئاڭلاپ، كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۆزۈنىغىچە چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ كەتتى.

(1978-يىللىق «خەلق ئەدەبىياتى» نىڭ 6-سانىدىن ئېلىندى)

يۈەن جىڭگۋاڭ تەرجىمىسى



# غايىپ نىكا

(چۆچەك)

باركەن-يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن-توق ئىكەن، قەدىمقى زاماندا چىنماچىن شەھرىدە بىر پادىشا ئۆتۈپتىكەن. بۇ پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۆسۈپ يىگىت بولۇپ ۋايىغا يېتىپتۇ. ئۆيلەپ قوياي دەپ ئوغۇللىرىنىڭ كۆڭلىگە دادىسى تاللىغان قىزلار ياقماپتۇ. پادىشا ئوغۇللىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويسا ئوغۇللىرى ئۆزلىرىگە لايىق تېپىشالماپتۇ. پادىشا ئاخىرى شەيخۇل ئىسلام جانابلىرىنىڭ «نىكا غايىپ» دىگەن پەتۋاسىغا رىئايە قىلماق بوپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرىنى راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ھەربىرىنىڭ قولىغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ:

— قېنى ئوغۇللىرىم! سىلەر ئوقنى كۆڭلۈڭلار تارتقان تەرەپكە ئېتىڭلار، كىمنىڭ ئوقى كىمگە چۈشسە، شۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن، دەپتۇ.

چوڭ ئوغلى ئوقنى ئۇلۇشكۈن كېچە ئۆزىنى ئۆيىدە راسا مېھمان قىلغان زەرگەر كوچىسىدىكى چوڭ سەرراپنىڭ ئۆگزىسىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ، ئوتتۇرانچى ئوغلى بىرھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. دادىسى ھەدەپ قىستاۋەرگەندىن كېيىن، ئاۋغان كوچىسىدىكى بىر سودىگەرنىڭ چىرايلىق بالخانىسى تەرەپكە تەۋەككەل قىلىپ ئېتىپتۇ. كىچىك ئوغلى بولسا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئاسمانغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئوق بىردىنلا ئوردا شەھرىنىڭ شىمال تەرىپىگە بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. پادىشا ھەم ئوردا ئەھلى ياقىلىرىنى چىشلىشىپ «سۇبھانالا» دەپ قاپتۇ. پادىشا ئوغلىغا ئۆزىچە تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ:

— كۆزۈڭنى يۇماي تۇرۇپ يەنە بىر ئات! دەپ بۇيرۇپتۇ. كىچىك ئوغلى:

— ئاتا، ئۆزلىرى «نىكا غايىپ» دىگەن ئىدىلە. ئاتقان ئوقۇم غايىپ بولدى، ئەندى مەن ئۇنى تاپماسام بولماس؟ دەپتۇ.

پادىشا ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ، ئوقنى ئىزدەشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىشانىڭ بۇ كىچىك ئوغلى شەھەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۇرت-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، چوڭ دەريانى بويلاپ ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. مىڭگەن ئېتى ھالىدىن كېتىپ يىقىلغاندا بىر تاغ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر كۆكۈش توشقان ئوقنى غاجىلاپ ئويناپ تۇرغىدەك، يىگىت توشقانغا قاراپ ماڭغان ئىكەن، توشقان ئوقنى چىشلىگەن پېتى قېچىپتۇ. يىگىت ھەيران بولغان ھالدا توشقاننىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، توشقان يىگىتنىڭ ئالدىدا يۈگرەپ بېرىپ تاغدىكى بىر كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت ھېلىقى كامارغا ئېڭىشىپ قارىغاندەك بوپتۇ-يۇ، قانداقلارچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىپتۇ. ھېچقانداق بىر يېرى ھېچيەرگىمۇ تاقاشماپتۇ. ئۇ ئالدىغا قاراپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن ئاجايىپ يوپ-يورۇق، گۈزەل، كاتتا باققا كىرىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئىچىدىكى ئېرىقلاردا سۈپ-سۈزۈك كۆمۈش سۇلار شىقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈمەن خىل گۈللەر خۇش-پۇراق تارقىتىپ تۇرغان، مىۋە-چىۋىلەر شاخلىرىنى كۆتىرەلمەي مەي باغلاپ پىشىۋاتقان، ھەرخىل رەڭدىكى قۇشلار، بۇلبۇللار خۇش ئاۋازدا سايرىشىۋاتقان ئىكەن. يىگىت ھەيران قېلىپ، ئەتراپقا قاراپ-

تۇ. ھېچكىم يوقمىش. بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئېرىقتقا قولىنى سالغان ئىكەن، سۇغا قولى يەتمەپتۇ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سۇغا ئېڭىشىپ ئىچمەكچى بولغان ئىكەن ھەرقانچە قىلىپمۇ يەنە سۇ ئىچەلمەپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارغا قول سۇنغان ئىكەن، ئىلگىرى يەرگە تەگكۈدەك دەپ قالغان ئالمىلارمۇ لىككىدە ئېگىز كۆتىرىلىۋاپتۇ-دە، قولى يەتمەپتۇ. ھەتتا بۇلبۇللارمۇ خۇش ئاۋازدا سايرىماي يىغلاپ بوپتۇ. يىگىت باغ يوللىرىنى ئارىلاپ قىنا ماڭغان ئىكەن، بىر ھەشەمەتلىك ئالتۇن دەرۋازىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىنقى باغدىنمۇ ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل بىر باققا دۈچ كېلىپتۇ. گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىلمۇ-خىل نۇرلار بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان، ئالتۇن، مەرۋايىت، قاشتېشى، گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن بىر راۋاقنى كۆرۈپتۇ. يىگىت يېقىن بېرىپ شۇنداق قارىشى بىلەنلا تۇرغان يېرىدە قېتىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. كۆزلىرىنى قايتا ئۇگىلاپتۇ، چۈنكى راۋاق ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر گۈزەل قىز يېتىپتۇكى ئۇ، نۇر ھەمرەڭدىن يارالغاندەكلا ئىكەن. قاپ-قارا سۇمبۇل چاچلىرى ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويلىرىغا يۆگەشكەن، يۇمران لەۋلىرى ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان قىزىل ئەتىرگۈلدىن زادىلا پەرقى يوق ئىكەن. يىگىتنىڭ كۆزى ئىككىنچى قېتىم قىزنىڭ بىر كۆتىرىلىپ-بىر پەسىيىپ تۇرۇۋاتقان سېھىرلىق كۆكسىگە چۈشۈشى بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاران-ئاران قاپتۇ. قىزغا ئۈچىنچى قېتىم شۇنداق نەزەر سالغۇدەك بولسا، ئۆزى ئاتقان ئوق قىزنىڭ يۇمران قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ. بۇ ئارىدا قىز ئويغىنىپ:

—سىز كىم بولىسىز؟— دەپ سوراپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

—سىز ئوقنى نېمە ئۈچۈن كۆزىڭىزنى يۇمۇپلا ئاسمانغا ئاتقان ئىدىڭىز؟—دەپ سوراپتۇ.

—چۈنكى،— دەپتۇ يىگىت،— مەن لايىق مەسىلىسىدە كۆڭلۈمنى زادىلا توختىتىپ ئالالمىغان ئىدىم. شۇڭا ئوقنى تەۋەككەل دەپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاسمانغا قويۇۋەتكەن.

قىز كۈلۈمسىرەپ ئوقنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت بولسا كۆزلىرىنى قىزنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن زادى ئۈزەلمەپتۇ. قىز بىر چاۋاك چالغان ئىكەن، بىر-بىرىدىن گۈزەل قىزلار نازى-نېمەتلەرنى كۆتىرىشىپ، كىرىپتۇ. قىز قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ يىگىتنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. يىگىت ئۆمرىدە ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان داغدۇغىلىق شىرىن زىياپەتكە مۇيەسسەر بوپتۇ. يىگىت زۆمرەت قەدەھلەردىكى قىزىل شەپەقتەك تاۋلىنىپ تۇرغان مەيلەرگە ھەۋەس بىلەن بېقىپتۇ. لېكىن «بۇنى ئىچسەم، بەلكى يەنە ئاغزىمغا چىقماسلىقى مۇمكىن» دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ. قىز غىزاغا تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت سۇ ئىچەلمىگەن، ئالما ئۈزەلمىگەن ئەھۋالىنى قىزغا بايان ئېتىپتۇ. قىز كۈلۈپ:

—سىز ئەسلىدە بۇ جاينىڭ ئادىمى بولمىغاچقا ئۇ ئۈچۈن سۇلار سىزنى ئىچكۈزمىگەن، ئالمىلار سىزنى ئۈزگۈزمىگەن، بۇلبۇللارمۇ سايراپ بەرمىگەن، مانا ئەمدى قولىڭىزغا ئۈزۈك سېلىپ قويدۇم، ئەمدى سىز بىزگە رەسمىي مېھمان،— دەپتۇ.

يىگىت بىلەن قىز چۈشتىن تارتىپ كۈن پاتقىچە، ئاخشامدىن تارتىپ تاڭ ئاتقۇچە زىياپەتتە ئولتۇرۇپ، نەغمە-ناۋا ئاڭلاپ، شېرىن سوھبەتلەرنى قىلىشىپتۇ، يىگىت سۆز ئارىسىدا ئوقنىڭ قانداق قىلىپ قىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز:

—مېنىڭ ئاتام دىۋە، ئانام بولسا ئىنسان شاھىنىڭ قىزى، مەن ئاتام بىلەن ئانامنىڭ بىردىن-بىر پەرزەنتى. سىز ئوقنى

ئاتقان كۈنى مەن قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئېغىندىكى چوڭ ئانامنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، قارىسام ئوت دەلىمىنىڭ ئالدىغىچە ئورلەپ چىقتى. سىزنى كوردۇم، كوڭلۇم سويىندى. شۇنىڭ بىلەن ئوقنى بۇ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، سىزنى كۈتكەن ئىدىم،-دەپتۇ.

—ئاتا-ئانىڭىز قەيەردە؟-دەپ سوراپتۇ يىگىت.

—سىز مېنى قوغلاپ كەلگەن تاغنىڭ ئۇتەرىپىدە،-دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز. بۇ ئىككى ئاشۇق-مەشۇق كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، شېرىن سوزلىرى تۈگىمەپتۇ، بىر-بىرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى خۇددى قاينار بۇلاققا ئوخشاش ئۇرغۇپ كۆچۈيۈپتۇ، بىر كۈنى يىگىت مەلىكىگە:

—ئەي مەلىكەم! مەن يۇرتۇمدىن چىققىنىمغا يېرىم يىل بولاي دەپ قاپتۇ، ئەزىز ئاتام، مېھرىبان ئانامنىڭ ھالى نېمىچۇك، بىر كورۇپ كەلەك دەپتۇ. قىز بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ، لېكىن:

—مەن ھازىرچە ئايال جەمەتلىرىڭىزدىكىلەرنىڭ بۇ يىچە كورۇنۇش قىلمايمەن، باشقىلىرىغا مايمۇن سورىتىمدە كورۇنىمەن،-دەپتۇ. يىگىت:

—تويدىمۇ مايمۇن سورەتتە بولامسىز؟-دەپ سوراپتۇ.

—ياق،-دەپتۇ قىز،-ئۇ چاغدا ئاتا-ئانامنىڭ رازىلىقىنى ئالساق ئۇنىداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق،-دەپتۇ. يىگىت، قىزنىڭ شەرتىگە كونۇپتۇ.

ئىككىسى يولغا چىقىپتۇ. تاڭ سەھەردىلا چىنماچىن ئوردا شەھرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەپتۇ، پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلىنى بىلمىدىغانلار يىگىتنىڭ بۇ ھالدا سەپەردىن يېنىشىغا ھەيران قاپتۇ. ئايغاقچىلار دەررۇ پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ، پادىشا ھەم ئوردا ئەھلى يەنە بىر قېتىم «سۇبھانئەللا»دەپ ياقىلىرىنى چىشلەپ كوزلىرىنى پاقىرتىشىپ قاراپ قاپتۇ.

پادىشا ئوغلىنى ئايرىم چاقىرتىپ:

—ئوغلۇم ساق-سالامەت كەپسەن. مۇبارەك بولسۇن! لېكىن سەن ئالىدىغان خوتۇن قېنى؟ كورۇنمەيدىغۇ؟،-دەپتۇ.

—ئالىدىغان خوتۇنۇم ھېلىقى مايمۇن، ئاتا،-دەپتۇ يىگىت.

پادىشاھنىڭ كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قاپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت:

—ئۇلۇغ ئاتا، بۇنىڭغا ئانام بىر نېمە دېسۇن،-دەپتۇ. پادىشاھ ئايالىنى چاقىرتقان ئىكەن، ئايالى:

—شاھ ھەزرەتلىرى سويۇنچە بېرىڭ!، سويۇنچە بېرىڭ!-دەپ كىرىپتۇ، پادىشا ھەيران بولۇپ:

—نېمىگە سويۇنچە؟،-دەپ سوراپتۇ.

—پادىشاھ ھەزرەتلىرى،-دەپتۇ ئايالى ئوغلىمىزنىڭ ئېلىپ كەلگىنى مايمۇن سورىتىدىكى پەرىزات ئىكەن. ماڭا كورۇنۇش قىلدى.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال بولغۇسى كېلىنىنى كورمەكچى بولغان ئىكەن، ئايالى قىزنىڭ شەرتىنى ئېيتىپ، سەۋرى قىلىپ تۇرۇشنى ئوتۇنۇپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپتۇ. ئۇزۇن ئوتمەي يۇرت ئىچىدە«پادىشاھنىڭ ئوغلى گۇل خوشتۇمۇر پەرىزاتقا ئويلىنىدىغان بولۇپتۇ»دىگەن خەۋەر پۇر كېتىپتۇ، چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرى، قىزچاقلىرى پەرىزاتنى كورۇش ئۇچۇن توپ-توپ بولۇشۇپ، ئەڭ ئېسىل دۇنيالىرىنى سوغا قىلىپ، مۇبارەكلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىز پەقەت يىگىتنىڭ ئايال جەمەتلىرىدىكىلا كورۇنۇش قىلىپ، باشقىلارغا مايمۇن سورىتىدە كورۇنىدىكەن. نەتىجىدە، كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى مايمۇننىڭ ئەسلى پەرىزات ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، بەزىلىرى شەك كەلتۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭ-

لاپ بەكخا پا بوپتۇ، بىر ئامال قىلىپ مەشۇر پەرىزات كېلىنىنى دوس-دۈشمەنگە بىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويغىسى كەپتىكەن، ھەرقانچە قىلسىمۇ قىز بۇنىڭغا زادى كونمەپتۇ، يىگىتمۇ ئانىسىدىن شەرتنى بۇزماسلىقنى شۇنچە يالۋۇرۇپ سوراپتۇ. ئانا ئاغزىدا «ما قول» دەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «قېنى، ئەپلىك بىر پەيت كەلسۇنچۇ، نېمە قىلىشىمنى ئۆزەم بىلىمەن» دەپ ئويلاپ يۈرۈپتۇ.

بىركۈنى پەرىزات ئۆزىنىڭ مايمۇن نىقاۋىنى سىرتتىكى ئويگە سېلىپ قويۇپ ئىچكەركى ئويدە يۇيۇنۇۋاتقان ئىكەن، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئانا قىزنىڭ نىقاۋىنى ئۇچاقتا گۈكىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىۋېتىپتۇ. بۇچاغدا ھېلىقى نىقاپتىن چىققان ئىس-تۈتەك ئالەمنى قاپ-قاراڭغۇچىلىققا توشقۇزۇپتۇ.

پەرىزات قىز ئىچكىركى ئويدىن يۈگرەپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا نىقاۋى ئاللىقاچان بىر سىقىم كۈلگە ئايلىنىپ بولغان ئىكەن.

— ئاھ، — دەپتۇ پەرىزات، — يامان قىلدىلا ئانىكا، مېنىڭ مايمۇن سۈرەتلىك نىقاۋىمنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئاتا-ئانامنىڭ دىمىغىغا يېتىپ بارغان ھامان، ئۇلار مېنى ئىزلەپ كېلىدۇ. كۆردىلىمۇ، ئەنە ئۇلارنىڭ غاقىراپ ئۇچۇۋاتقان ئاۋازى قولۇغۇمغا ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كەلسە ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن ھەر قايسىلىرىغا خېيىم-خەتەر يېتىپ كېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مەن ئاتا-ئانىلىرىمنىڭ ئالدىغا تېزراق باراي. بالىلىرىغا ئېيتىپ قويالا، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى راست بولسا ئارقامدىن ئىزلەپ بارغاي، خەير...

پەرىزات قىز شۇنداق دەپتۇ-دە، بىر يۇمۇلۇنۇپ كۆك كەپتەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ، ئاندىن ئويىنىڭ تۈڭلۈكىدىن «كۇر» قىلىپلا ئۇچۇپ چىقىپ كوزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

يىگىت دەم ئوتمەيلا پەيدا بولۇپ ئويگە كىرىپ قارىسا پەرىزات كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ «پەرىزات قېنى؟» دەپ سوراپتىكەن، ئانىسى كاللىۋاشلىرىغا ئۇرۇپ يىغلىغان پېتى ئەھۋالنى سوزلەپ بىرىپتۇ.

يىگىت ئايرىلىش ئازاۋىدىن بىر ئاھ ئۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاھى يەتتە قات ئاسماننى، يەتتە قات زېمىننى تىترىتىپتۇ. يىگىت شۇندىن باشلاپ ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

ئاستا-ئاستا ئالەم سوزۇلۇپتۇ. چىمەن ماچىن ئوردىسى ماتەمدار بوپتۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى چاچلىرىنى يولۇپ، باشلىرىغا توپا چېچىپ، نالە-پەريات كوتۇرۇپتۇ. ئىتتەكلىرى ياشقا تولۇپ، كوزلىرى بەسىر بولۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن گۈلخوشتۇمۇرنىڭ ھالى ھەرگىزمۇ ياخشىلانماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە، كۈز كېچىسىنىڭ بىر ئايدىڭ ئاخشىمىدا، يىگىت تۇساتتىن قىزنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ-دە، ئىختىيارسىز ئاۋازكەلگەن تەرەپكە مېڭىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئوردىدىن چىقىپ، قەلئەدىنمۇ چىقىپ دەريا بويلاپ كېتىۋېرىپتۇ. دەريا- ئارقىسىدا قاپتۇ. پايانسىز قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. گۈل خوشتۇمۇر ئۇسسۇزلۇقتا ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. قارىغىدەك بولسا بىردوڭنىڭ ئارقىسىدىن ئىس كوتۈرۈلۈپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئىشىكىمۇ يوق ۋەيرانە، سۈرلۈك بىر ئويىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئويىنىڭ ئىچىدىن پىشانىسىدا يەككەتلا بىركوزى بولغان ئالامەت قورقۇنۇچلۇق بىر بەتبەشرى چىقىپ، گۈلخوشتۇمۇرگە:

— ياخشى يىگىت! ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن، مەرھەمەت قىلىپ ئىچكىرى كىرگىن، — دەپتۇ. يىگىت ھېلىقى بىركوزلۇكنىڭ ئارقىسىدىن ئويگە كىرىپ قارىسا، ئويىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۇلخان يېقىلغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە ئادەمنىڭ باش سوڭەكلىرى دوۋىلە-

نىپ تۇرغىدەك.
—نېمىگە چەكچىيىپ كەتتىڭ قۇرۇق
مۇردا، —دەپتۇ ھېلىقى بىر كوزلۇك، —سېنى بې-
قىپ سەرغىتىشكە توغرا كېلىدۇ، ھە، سۇ ئىچ-
كىن!

بىر كوزلۇك بىر كومزەك سۇنى ئۇنىڭ
ئالدىغا قويۇپتۇ. ئوزى بىر كېيىكنى سويۇش-
قا باشلاپتۇ. سويۇپ بولۇپ ھەممىسىنى دى-
گۇدەك ئىككى تاللىق زىخقا سانچىپ چوغ-
نىڭ ئۇستىگە قويۇپتۇ. گوشنى پۇشۇرغاندىن
كېيىن، يىگىتكە بىر پارچە بېرىپ، قالغىنى-
نى ئوزى يەپ بۇپتۇ. سوڭەكلەرنى ئېلىپ
قازناققا كىرىپ كېتىپتۇ. قازناقتىن كىشى-
لەرنىڭ نالە-زارى ئاڭلىنىپتۇ. بىر كوزلۇك
قازناقتىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن:

—سېنىڭ ئونجىنىڭنىڭ بىرسى قالغان-
دا بۇ يەرگە كەپسەن، قازناققا ئەكىرىپ قويۇ-
سام ئولۇپ قېلىشىڭ تۇرغان گەپ، بۇگۇنچە
مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر! —دەپتۇ گۇلخوشتومۇر
گە.

بىر كوزلۇك ياتپا شلاپ يېتىپ ئۇيقىغا
كىتىپتۇ. گۇلخوشتومۇر بۇ يەكچەشىمدىن قۇتۇ-
لۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپتۇ. كوزى ئىختى-
تىيارسىز توم، ئىككى تاللىق زىخقا چۇشۇپ-
تۇ-دە، زىخنى ئاستاغىنە ئوتنىڭ ئارىسىغا
تىقىپ قويۇپتۇ، زىخ قىپ-قىزىل بولغاندا زىخ-
نىڭ بىر تېلىنى كوزىگە، يەنە بىر تېلىنى يۇرى-
گىگىچە ئىلەپ تۇرۇپ، باركۇچى بىلەن بىر باس-
قان ئىكەن، زىخنىڭ تاللىرى ئاپپاق ئىسچى-
قىرىپ بىر كوزلۇكنىڭ تېنىگە كىرىپ كېتىپتۇ.
شۇنداقتىمۇ يەكچەشمە ئورنىدىن مۇدىرەپ تۇ-
رۇپ كېتىپ، زىخنى ئوزىدىن سۇغۇرۇپ تاشلاپ-
تۇ-دە، ئالدىغا قوللىرىنى سوزۇپ، بىر نەچچە
قەدەم مېڭىپ، گۇلخانغا چۇشۇپ، يۇمۇلۇنۇپ،
جان تالىشىپتۇ. گۇلخوشتومۇر قازناقنىڭ ئې-
شىگىنى بۇزۇپ، ئىچىدىكىلەرگە:
—چاققان چىقىڭلار! بىر كوزلۇك ئولۇش

ئالدىدا، دەپتۇ. قازناقنىڭ ئىچىدىن ئونچە
ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ بىر كوزلۇكنى گولخان
ئىچىدىن سىرتقا چىققىلى قويماي كويدۇرۇپ ئول-
تۇرۇپتۇ.
—خۇدا مۇرادىڭنى بەرسۇن ياخشى يى-
گىت، —دەپتۇ ئۇلار، —ئەگەر سەن كەلمىگەن
بولساڭ بۇ كاساپەت بىزنى يەپ كېتەتتى.

بىر كوزلۇكنىڭ سېمىز قويلىرىنى ئول-
تۇرۇپ يەپ، سېزىنچىپ كىشىلەرگە تېخىمۇ جان
كىرىپتۇ. قۇتۇلغان كىشىلەر:

—ياخشى يىگىت، خۇدانىڭ قۇدرىتى بى-
لەن بىزگە سېنى ھەزرىتى شاھى مەردان ئەۋەت-
تى. ئەمدى بىز سېنىڭ قۇلۇڭ بولىمىز. سەن نەگە
بارساڭ شۇ يەرگە بارىمىز، نېمىنى بۇيرۇساڭ
شۇنى بەجا كەلتۇرگەيمىز! — دەپتۇ.
گۇلخوشتومۇر ئۇلارغا تەشەككۇر ئېيتىپ
خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. نۇرغۇن يول يۇرۇپ
بىر چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ. چاتقاللىقنىڭ
ئىچىدە كېتىۋاتسا بىر كېيىكنىڭ ياتقىنىنى كو-
رۇپتۇ. يېقىنلاپ كەلسىمۇ ئۇ كېيىك زادى مىدىر-
لىماپتۇ. گۇلخوشتومۇر يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇ
باسما ققا چۇشۇپ قالغان كېيىك ئى-
كەن. يىگىت كېيىكنى باسماقتىن ئاجرىتىپ، پۇتى-
نىڭ زەخىملىرىنى ئوزىنىڭ كوينىگىنىڭ يېڭى
بىلەن تېڭىپ قويۇپتۇ. شۇچاغدا كېيىك تو-
ساتتىن زۇۋانغا كىرىپ ئادەمدەك سوزلەش-
كە باشلاپتۇ:
—ئەي مېھرىۋان كىشى، سەن ئوزەڭنىڭ
ئاچ نەپسىڭدىن كېچىپ مېنى قويۇۋەتكەننىڭ
ئۇستىگە يەنە باسماقتىن ئاجرىتىپ زەخمى-
لىرىمنى تېڭىپ قويدىڭ، مەن خۇددى ھەز-
رىتى سۇلايماننى كورگەندەك بولدۇم. ئېيت-
قىن سەن زادى قانداق ئادەم، بۇ ئادەم
ئايىغى يەتمەيدىغان جاڭگاللاردا نېمە قىلىپ
يۇرىسەن؟...
يىگىت كېيىكنىڭ زۇۋانغا كەلگەنلى-
گىدىن ھەيران بولۇپتۇ، ئاندىن:

www.uyghurkitap.com



ـ مەن ئادەتتىكى ئادەم نەسلىدىن، يار ھەجرى بىلەن يۈرىكىم زەخملەنگەن كىشى. ئاشۇ يارىمنىڭ ۋىسالىنى ئىزلەپ يۈرۈپتىمەن، -دەپ ھەممە كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

كېيىك يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـ سەن ئىزلىگەن پەرىزات مۇشۇ چاتقاللىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغدا، لېكىن پەرىزات ھازىر يەتتە قات تىلىسىمات بىلەن نەزەربەند قىلىنغانلىق. سەن ئاشۇ تاققا بارالىساڭمۇ تىلىسىماتقا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، يارىڭنىمۇ كۆرەلمەيسەن، -دەپتۇ.

كېيىكنىڭ مۇنچىۋالا سىرلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن تېخىمۇ ھەيران بولغان يىگىت، ئۇنىڭغا:

ـ ئەي كېيىك، يارىمدىن خەۋەر بەرگىنىڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ رەھمەت، شۇنى بىلىپ قويغىنىكى، بىزدە «جاندىن كەچمىگۈنچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن بىر سۆز بار. مەن ئۇ تىلىسىملىق تاققا بارىمەن، تىلىسىمنى ئاچالىسام تېخى ياخشى، ناۋادا ئاچالماي، شۇ يولدا قازا قىلساممۇ ئۆكۈنۈشۈم يوق، چۈنكى مەن يار ئۈچۈن بار- يوقۇمنى ئاتاپ قويغانمەن، ھېچبولمىسا يارىم بار تاغنىڭ توپا-تاشلىرىنى باغاشلاپ كۆز يۇمالىسامۇ ئۆزەمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن!» -دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ـ بارىڭالا يىگىت، -دەپتۇ كېيىك، -ئېقىدە دېمەك- جان دېمەكتۇر، بۇنداق ئېقىدە ئاز بىر قىسىم ئىنسانلارغىلا نېسىپ بولىدۇ. خۇدا مۇرادىڭنى بەرگەي. مەن-ئەشۇ سەن ۋىسالىغا يەتمەكچى بولغان پەرىزاتنىڭ كېنىزىكى بولىمەن، شۇ قېتىم پەرىزاتنىڭ ھايۋان لىباسى كىيدۈرۈلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلىرى دەرغەزەپتە قىزىنى ئىزلەپ بارغانىدى. ئاتا- بالا يول ئۈستىدە ئۇچراشتى. ماكانىمىز بولغان تاققا قايتىپ كېلىپلا ئۇنى يەتتە قات تىلىسىمغا نەزەربەنت قىلدى. ئىگەم بەندىكە چۈشۈشتىن سەل بۇرۇن مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا يولغا سالغان، مانا، ئۇنىڭ ساڭا ئىبەرگەن سوغىسى،...

كېيىك بىر يۇمۇلۇنۇپلا گۈزەل قىز سىياقىغا كېلىپتۇ ۋە يېنىدىن بىر دانە ھاسا ئېلىپ يىگىتكە تەڭلەپتۇ.

ـ بۇ ھاسا، - دەپتۇ قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - سۇلايمان پەيغەمبەر شاھلىق قىلىۋاتقاندا ئىشلەتكەن ھاسا. بۇ ھاسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھەرقانچە قاتتىق تىلىسىملانغان تاغ بولسىمۇ ئېچىۋەتكىلى بولىدۇ. پەرىزات: «سەن ماچىن شەھىرىدىكى مەھبۇبەمنى تاپ ۋە ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئەقىدە- ئىخلاسىنى ئوبدان سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن سەۋدالارنى بايان قىلغىن. ئۇ مۇشۇ ھاسا بىلەن تاققا ئۈچ قېتىم قاتتىق ئۇرسۇن، شۇ چاغدا تاغ چوكۇشكە باشلايدۇ. تەختى- بەختىدىن ئەندىشە قىلغان ئاتام ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، قالغىنىنى ئۆزى بىلىپ بىر تەرەپ قىلسۇن...» دېگەن.

كېنىزەك سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ھاسىسىنى يىگىتكە بېرىپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. يىگىت ئىنتايىن خۇرسەندە بولۇپ، ھاسىنى چىڭ تۇتقىنىچە يولغا ئاتلىنىپتۇ. نەچچە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ، قانچە مەنزىللەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپتۇ. يول ئۈستىدە ئېيىق، يولۋاس، شىر، بۆرى... دېگەندەك خىلمۇ- خىل ياۋايى ھايۋانلار ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھېلىقى ھاسىنىڭ خاسىيىتى تۈپەيلىدىن خىرىس قىلماق ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ماڭغانلىرى توختاپ، توختىغانلىرى بېشىنى پەسكە ئېگىپ ياكى يەرگە سوزۇلۇپ يېتىپ خۇدى سۇلايمان پەيغەمبەرگە قىلغان ئىززەت- ھۆرمىتىنىڭ ھەممىسىنى يىگىتكە بىجا كەلتۈرۈشۈپتۇ.

ئۇزاق يول ماڭغاندىن كېيىن گۈل

خوشتومۇر ھېلىقى دۆۋىلەر ماكانى، تىلىسىملىق تاققا يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇ بۇ ھەيۋەت ۋە سۈرلۈك تاغ ئالدىدا ھەرگىمزمۇ تىڭىرقىماي تۇرۇپ قالماپتۇ. ئالدى بىلەن بۇ تاغنىڭ ھەربىر تاش، ھەربىر چىمدىم توپىسىنى يۈز-كوزلىرىگە سۈرتۈپتۇ، ئاندىن ھەر بىر گۈل، ھەربىر تال گىياسىنى پۇراپ-ھىدلاپتۇ. خۇددى يارى پەرىزاتنى كورگەندەك، ئۇنى بوسە قىلىپ كۆچ-مادار تاپقاندەك بوپتۇ.

ئاندىن كىيىك سۈرەتلىك كېنىزەك بەرگەن ھاسىنى قولىغا ئېلىپ، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ مۆبەرەك نامىلىرىنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ، ھاسا بىلەن تاققا بىر ئۇرغان ئىكەن، تاغ گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىرىپ، يەرۇ-جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ، تەرەپ-تەرەپتىن چاك كېتىپ، ئاستا-ئاستا يەرگە چوكۈشكە باشلاپتۇ. شۇچاغدا تو-ساتتىن ئارقا تەرەپتىن:

—ھەي ھورمەتلىك يىگىت!—دېگەن غە-لىتى، يىغلامسىرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بوپ-تۇ. يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، ئالامەت يوغان بەدھەيۋەت دۆۋىلەردىن بىرسى ئالدىدا، قالغان يەتمىش ئالتىسى ئۇنىڭ كەينىدە يى-گىتكە سەجدە قىلىپ، يەر سۇيۈپ ياتقۇدەك.

—ھەي سۇلايمان پەيغەمبەرىمىزنىڭ نايىبى! ئالدىڭدا گۇناكارمىز، كەچۈرگەيسەن!،-دەپتۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرغىنى.

—نىمە ھاجىتىڭ باردىيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ، قېنى ئېيت! بىز ھەر قانداق خىز-مىتىڭگە تەييارمىز! ئوتتۇز يەتتىمىزكى، ماكانىمىزنى ۋەيران قىلمىساڭ!...

يىگىت قاتتىق ئاۋازدا:

—تىلىسىماتنى بىكار قىلىپ پەرىزات بىلەن مېنى دىدار كورۇشتۇرگەيسەن، بولمىسا بۇ تاغنى يەر قەھرىگە چوكتۇرىۋېتىمەن!،-دەپتۇ.

—ھەي يىگىت—دەپتۇ ھېلىقى دۆۋە مەرھەمەت، مۇرادىڭغا يەتكىن. دۆۋىلەردىن بەتمىش ئالتىسى ئىككى قاتار بولۇپ، سەجدە قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان دىۋە يىگىتكە يانداشىپ مېڭىپتۇ.

يوللار ئېچىلىپ بىردەمدىلا ھېلىقى سېھىرلىق باققا كىرىپ قاپتۇ.

پەرىزات قىز كېنىزەكلىرى بىلەن باغ يولىدا گۈلخوشتومۇرنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ھەر ئىككىسى دىدار كورۇشۇپ، خوشاللىق خۇنجىلىرىدىن جۇش ئۇرۇپ، چەكسىز ھۇزۇرلىنىپتۇ. ئارقىدىن كاتتا زىياپەت باشلىنىپتۇ. دۆۋىلەر پايى-پىيادە بولۇشۇپ، ھورمەت ۋە تەكەللۇپلارنى زىيادە قىلىشىپ، يىگىتنىڭ نەزىرىدىن ئوتۇشكە جان-دىلى بىلەن ئۇرۇنۇپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا يىگىت ئوزىنىڭ پەرىزات بىلەن توي-تۇچا قىلىش بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، بۇئىشقا رۇخسەت تىلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپتۇ. دىۋىلەر ئوزئارا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، يىگىتكە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ-دە، ئوزلىرىنىڭ رەسىمىيىتى بويىچە نەچچە كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ پەرىزات بىلەن يىگىتنىڭ باشلىرىنى چېتىپ قويۇپتۇ. زىياپەتلەر، شېرىن سوھبەتلەر، ئەقىل ھەيران قالغۇدەك كوڭۈل ئېچىشلارنىڭ تەنتەنە ھۇزۇرىدىن نەچچە كۈنلەرنىڭ كېچىگە، نەچچە كېچىلەرنىڭ كۈندۈزگە ئالماشقىنىنى گۈل خوشتومۇر سەزمەيقاپتۇ.

ئارىدىن بىرئاي ئوتتى دېگەندە، گۈلخوشتومۇر قايتماقچى بوپتۇ. خوشلۇشۇش ئالدىدا قېيناتا-قېينانىسى ئۇلارغا ئوزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەر ئۈزۈكىنى تەقدىم ئېتىپتۇ. ئۇئۈزۈك كىمدە بولسا دىلى تارتقىنى ئالدىدا ھازىر بولىدىكەن، موھتاجلىقتىن خالاس بولىدىكەن. گۈلخوشتومۇرمۇ پەرىزاتنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، كىيىك قىز بەرگەن سۇلايماننىڭ ھاسىسىنى دۆۋىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

دۆۋىلەر كاتتا سوغا-سالاملارنى تۇتۇپ، ئەسىل تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ بۇئىككىسىنى يولغا سېپتۇ. قىز، يىگىتنى گۈل خوشتومۇرگە:

— قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزىڭىزنى مەھكەم يۇمۇڭ، — دەپتۇ.
بىرچاغدا گۇلخوشتومۇر كوزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزىنى چىنماچىن ئوردا شەھىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا كۆرۈپتۇ. ئىككىسى ئوردىغا كىرگەن ئىكەن، ھېچ يەردىن ئىز-دېرىكىنى تاپالمىغان يىگىتنىڭ مانا ئەمدى نۇر بىلەن يوغۇرۇلغاندەك، ئاجايىپ ساھىبجامال بىر قىز بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوردا ئەھلىنىڭ بىر قىسمى ئۇزۇن تونلىرىنىڭ پەشلىرىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ، نەچچىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلغانچە يۇمۇلماپتۇ، نەچچىسىنىڭ ئىچىنى ھەسەت زەھرى ئۆرتەپتۇ، پادىشا بەكمۇ خوشال بولۇپ ئۆز ئوغلىنىڭ توپىنى باشلاشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. قىرىق كېچە-قىرىق كۈندۈز داغدۇغىلىق توي بولۇپ، يىگىت-قىزلار مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ، پادىشا بولسا چوڭ ئارزۇسىغا قېنىپتۇ. ئەمما، ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ چىنماچىندا «ئاشىق بولماق ئاسان ئەمەس، شىرىن جاندىن كەچمىگۈنچە» دېگەن غەزەل پەيدا بولغان دېيىشىدۇ.

— نەشىرگە تەييارلىغۇچى: نۇرى كېرەم

# شېئىرلار ۋە رۇبائىيلار

داۋۇت مەتنىياز (ئوقۇغۇچى)

## ئالتۇن دىدىم بىلىمنى

«ئالتۇن ياتىدۇ سايدا،
تونۇمىسا نىم پايدا...»
شۇ تەمسىلنى كۆردۈمەن،
كىتاۋىدا — بىرجايدا.

بوۋام ئېيتقان بۇ سۆزنى،
تەھلىل قىلىپ كۆردۈمەن.
قىسقا، چوڭقۇر مەنالىق،
بۇ سۆزگە زەپ كۆيدۈمەن.

«ئالتۇن» دىدىم بىلىمنى،
سۇندۇم ئاڭا قولۇمنى.
شۇ ئالتۇننىڭ كۈچىدا،
گۈللەر بولدۇم ئىلىمنى.

## رۇبائىيلار

چوڭ بولدۇق ۋەتەندە، كىچىك تۇغۇلۇپ،
توھپە قوش، قالمىغىن «قەرز»گە بوغۇلۇپ.
«ئالماقنىڭ بەرمىگى بار» بۇ ھەقىقەت،
ھەقىقەت ئالدىدا قالما تۇتۇلۇپ.

×

غادىيىپ يۈرۈشنى قاتتىق نومۇس بىل،
ئۆزەڭگە سەممى بولۇشنى يار قىل.
سەتىنگمۇ سېتىمدۇر ھاكاۋۇر ئىنسان،
بېيتىلمەكتىن ھەزەر قىل، بول كىچىك پېئىل.

بارمېنىڭ نىگارىم «ئىلىم-پەن» ئاتلىق،
ئۇنىڭكى لەززىتى ھەسەلدىن تاتلىق.
باشقا بىر يارىم يوق، كېرەكمۇ ئەمەس،
ئۇبارىكى يارماڭا ئالەمچە شاتلىق.

×

تەر تۆكۈپ ياشىغىن، بولما چىڭگىلىك،
ھەزەر قىل بولۇشتىن تەييارغا شېرىك.
ئەجرىڭدە ياشاشنى خالىمىساڭ ئەگەر،
ئۆلگىنىڭ ياخشىراق بولغاندىن تىرىك.




مۇھەممەت ئىمىن

# ئاداشقان ئېقىن

تاغ باغرىدىكى سايلىقتىن يېڭى بىر بۇلاق يەر ئۈستىگە ئۇرغۇپ چىقتى.

سۈپ-سۈزۈك بۇلاق سۈيى كىچىككىنە ئېقىن ياساپ، دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاقتەك ھەريانغا قىزىقىش بىلەن قاراپ، شات ناخشىسىنى ياڭراتقىنىچە شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

—قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ —دەپ سورىدى قالىغاچ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەمنۇنىيەت بىلەن تومشۇقلىرىنى ئېتىۋېتىپ، —بېرىپ دەرياغا قوشۇلىسەنغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

«راست، قاياققا بارسام بولار؟» ئېقىن ئويلىنىپ قالدى: «دەريا دېگىنى نېمىسى؟ سوراپ باقايچۇ...»

—قالىغاچ ئاچا، دەريا دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟

—دەريامۇ؟ —دېدى قالىغاچ پەيلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، —ساڭا ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان كىچىك ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان زور ئېقىن. ئۇ، شۇنداق ھەيۋەت بىلەن شاقىراپ ئاقىدىكى، ئاۋازى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ! ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان بولساڭ، ئاپپاي...

—ئۇنىڭغا قوشۇلسام كۆپچىلىككە ئازدۇر-كۆپتۇر پايدا يەتكۈزەلەيمەنمۇ؟ —دەپ سورىدى ئېقىن قىزىقسىنىپ.

—پايدا يەتكۈزەمدىغان! —دېدى قالىغاچ ئىشەنچ بىلەن، —زىرائەتلەرنى سۇغۇرىسەن، تۈگمەن چۆرۈيسەن، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى ماڭغۇزىسەن...... ئىشقىلىپ، شۇنداق كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلالايسەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ دەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن...

ئۇنداق بولسا بېرىپ دەرياغا قوشۇلاي، —دېدى ئېقىن خۇشال بولۇپ، —خەير خوش، قالىغاچ ئاچا! ئامان قېلىڭ!

—ئاق يول بولسۇن، شوخ ئېقىن! ئالدىڭغا قاراپ ئېقىۋەرسەڭ، دەرياغا قوشۇلىسەن!

ئېقىن سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئالغا قاراپ كېتىۋاتقاندا پاتمىچۇققا ئۇچراپ قالدى.

—نەگە ماڭدىڭ، ئېقىن ئاكا؟ —دېدى ئۇ سۇنى شىپىلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، —بىزنىڭ قومۇلۇققا بارغىن، ئۇششۇنداق ئوبدان ماكانكى..

—ئۇ يەرگە بارسام نېمە ئىش قىلالايمەن؟

—نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟ ھەممىنى ھەيران قالدۇرىسەن، داڭ چىقىرىسەن. بىزنىڭ ئۇ يەرگە ئەزەلدىن سۇ ئەۋلادى بېرىپ باققان ئەمەس، ئەگەر سەن بارالىساڭ، سۇ جەمەتىنىڭ تۇنجى پالۋانى بولىسەن!

—قۇرۇق نامىنىڭ نېمە كېرىكى؟ كۆپچىلىككە پايدام تەگسە ئاندىن، ...

—تىڭشىدۇ، تىڭشىدۇ! —ئالدىراپ قالغان پاتمىچۇق ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى، —مەسىلەن ئالايلۇق، بىز پاتمىچۇقلار سۇ يېڭىدىن بەھۇزۇر بەھرىمەن بولىمىز، يانتاق، يۇلغۇنلار تەشنالىقىغا قانىدۇ، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تېخى...

— بولدى، بولدى! — دېدى ئېقىن تاقىتى تاق بولۇپ، — ئۆز يولۇمغا كېتەۋەرەي، ئۇ يەرگە بارسام يەتكۈزىدىغان پايدام تايىنلىقتەك قىلىدۇ!

— توختاپ تۇرغىن، ئېقىن ئاكا! گېپىمنى تۈگەتمىدىم تېخى، — دەپ ۋاقىرىدى پاتىمچۇق ئالغا قاراپ ئۇچقۇپ ئېقىشقا باشلىغان ئېقىننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەپ كېلىۋېتىپ، — دەرياغا قوشۇلسالىڭ تۈگەشكىنىڭ شۇ! ناھايەت ئۇنىڭ بىر تامچىسىمۇ بولالمايسەن، پۈتۈنلەي ئۆزەڭنى يوقىتىسەن-دە، كېيىنچە پۈشايماننى ئېلىشقا قاچىمۇ تاپالمايسەن!...

ئېقىن پاتىمچۇقنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي دەرياغا تەرەپكە قاراپ ئېقىۋەردى. ئاقا-ئاقا، ئاخىرى ھەيۋەتلىك ئۈركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلاي دەپ تۇرۇشىغا، قايا قىتىندۇر بىر چاپاقا سەكرەپ چىقتى.

— ئالدىرىما، توختاپ تۇر! — دېدى ئۇ ئېقىننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — قاراپ تۇرۇپ ئۆزەڭنىڭ سۈپ-سۈزۈك قاشتېشىدەك پاكىزلىقىڭنى ئەشۇ لايقا، مەينەت سۇغا تاشلاپ بولغۇماقچىمۇ؟! ھەي، شۇنداقمۇ ھاماقەتلىك بولامدۇ؟ ئويلاپ بېقىپ ئاندىن بىر ئىش قىلغان تۈزۈك، ئۇكا!

ئېقىن دەرياغا ئىنچىكىلەپ سەپ-سېلىپ، دەريا سۈيىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇماچتەك لاي-لاتقىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ، كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى-دە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئېقىندىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزگەن چاپاقا دەرھال سۆزقۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋەتتى:

— قانداق، يالغان ئېيتىمىغاندىمەن؟ بۇنداق دەرياغا قوشۇلۇپ، لاي-لاتقا ئىچىدە بوروختۇم بولۇپ ئۆزەڭنى زايا قىلغىچە بىزنىڭ سازلىقتا بېرىپ تاماشا قىل!

بىزنىڭ ئۆيەردىگەن ئېپار-ئەمبەر پۇراپ تۇرىدۇ، قومۇشلارنىڭ لەرزان شىلدىرلاشلىرىغا جۆر بولۇپ ناخشا باشلايدىغان پاششا كومۇتلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان بولساڭ، ۋاي-ۋۇي، كوڭلۈڭ شۇنداق ياپراپ...

— قېنى باشلاپ بارغىن، كۆرۈپ باقسامۇ باقاي، — دېدى ئېقىن پەرىشان بولۇپ.

ئېقىن چاپاقىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ھەش-پەش دېگىچە كەڭرى كەتكەن سازلىق بويىغا يېتىپ كېلىپ. ئەتراپقا تۈزۈك بىر قاراشقىمۇ ئۇلگۈرمەستىنلا دىمىقىغا شۇنداق بىر سېسىق پۇراق ئۇرۇلدىكى بىردىنلا كۆڭلى ئاينىپ، نەپەسى قىسىلىپ، قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ، چاپاقىنىڭ ۋاقىراش-جاقىراشلىرىغىمۇ قارىماي شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، ئۇدۇل دەرياغا قاراپ ماڭدى. يېرىم يولغا بارا-بارمايلا پاتىمچۇق ھاسىراپ-ھومىدىگەن پېتى يېتىپ كەلدى.

— مانا ھەممىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ! — دېدى پاتىمچۇق يېلىنىپ، — يەنىلا بىزنىڭ قوملۇقتىن ئوبدان جاي يوق، ھېچبولمىسا ئۇ يەرگە بىر قېتىم بېرىپ، كۆرۈپ باققان بولساڭمۇ، ماڭغان يولۇمغا رازى بولغان بولاتتىم!

ئېقىن پاتىمچۇقنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، بىر پەس ئويلىنىۋالدى-دە، ئاۋال بېرىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن بىر نېمە دېيىش قارارىغا كەلدى.

— ماقۇل، بارسامۇ باراي، لېكىن ئالدىراپ قويساڭىزە...

— نەدىكى گەپ؟ — دېدى پاتىمچۇق ئۆكۈنگەن ھالدا، — ئېقىن ئاكىنى ئالدىشقا جېنىم ئۇنىمۇ؟

ئېقىن يەنە بىر قېتىم يولىنى ئۆزگەرتىپ پاتىمچۇقنىڭ ئارقىسىدىن قوملۇققا قاراپ يولغا ئالدى.

ئۇزاققا بارمايلا ئۇلار بىر تۈپ قېرى

توغراققا ئۇچراپ قالدى.

— قۇملۇققا كېتىۋاتامسەن، نېمە؟ — دېدى قېرى توغراق ھەيران بولۇپ، — ئۇ يەرگە بارساڭ بىردەمدىلا سىڭىپ تۈگەيسەن-دە، ھېچكىمگە قىلچىلىك نەپ بېرەلمەيسەن. بۇزۇقلارنىڭ ئادەم خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەي، دەرياغا قوشۇلۇپ ئاققىنىڭدىلا، ئاندىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىپ، يەر يۈزىدىن غايىپ بولۇپ كەتمەيسەن. بولمىسا...

— ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما، ئېقىن ئاكا — دېدى پاتمىچۇق ئالدىراپ. — تىنەپ، ئۆزەڭنى ئۇ پاسكىنا دەرياغا قوشۇۋېتىش ئالتۇننى لايغا تاشلىۋەتكەنگە باراۋەر! سەن كىم، ئۇ كىم؟ توغراق سېنى شۆھرەت قازىنىپ كېتەمدىكىن دەپ ئىچى تارلىق قىلىۋاتىدۇ!

«ھە، گەپ ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە!» ئېقىن توغراققا قاراپ ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، پاتمىچۇقنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋەردى.

— ھەي، قۇرۇق ماختاش قانچىلارنى خاراپ قىلدى-ھە! — دېدى قېرى توغراق ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — مانا، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەن بىچارە ئېقىنمۇ ماختاشنىڭ بىھۇدە قۇربانى بولۇپ ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ!..

پاتمىچۇققا ئەگەشكەن ئېقىن قۇملۇققا يېتىپ كېلىپ، ئەتراپقا تۈزۈك قاراپ بېقىشقا ئۈلگۈرە-ئۈلگۈرمەيلا، چوغدەك ئاپتاپتا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن قۇملۇققا سىڭىپ كەتتى.

# ئىگىز تاغ بىلەن پاكار تاغ

١

ئاق بۇلۇتلارغا تاقىشىپ چوقچىيىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئىگىز تاغ جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كورۇمسىز پاكار تاغنى زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي، بىچارىيەي، نېمانچە پاكار بولۇپ قالغان بولغىدىڭ؟ سەندە يا بىر چىراي بولمىسا، يا بىر ئىسكەت! مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇڭنىڭ زادى قانچىلىك ئەھمىيىتى باركىن-تاڭ؟! ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولۇپ قالسامچۇ، نومۇستىن ئۆزەمنى ئاللىقاچان جىلغىغا تاشلىۋالغان بولاتتىم!

پاكار تاغ لەۋىنى چىڭ چىشلەپ ئۈنچۇقماي تۇرىۋەردى.

— ھە، زۇۋان سۈرمەيسەن-غۇ! — دېدى ئىگىز تاغ سوغۇق كۈلگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاكاڭغا قارىغىنا، يازكۈنلىرى ئالتۇن قۇياش تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چوققامغا شەپەقتىن تاج كەيگۈزىدۇ. قىش ئايلىرى ئاپپاق قار ئۇستۈمگە ماموق تون ياپىدۇ. كېچىلىرى ئاي يۇلتۇزلارمۇ كۈمۈش نۇرىنى سېپىپ، مەندىن كۆزىنى ئۈزەلمەيدۇ. توپ-توپ بۇلۇتلارنىڭ ئەپچورەمدىن كېتەلمەي ئايلىنىپ يۈرۈشلىرىنى دېمەمسەن تېخى! ساڭچۇ، ھېچكىممۇ نەزەر سېلىپ قويمايدۇ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندىمۇ، بىر نەزەر سېلىپ قويغىچىلىك دەسمايەڭ بولمىغاندىكىن كىمدىن ئاغرىنالايتتىڭ؟ ھەممىنى ئۆزەڭدىن كۆر، ھاياتىڭ بىكاردا ئۆتكىنى ئۆتكەن! مېنىڭچە، نام-شۆھرەتسىز ئۆتكەن ھاياتتىن ... ھەي، بولدىلا، دۇنيا يۈزىنى كۆرۈپ باقماي، پۈتۈن ئۆمرىنى بىر بۇلۇڭدا ئۆتكۈزگەن سەندەك نادانغا بۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك گەپلەرنى قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق!...

پاكار تاغ يەنىلا پىسەنت قىلماي تۇرىۋەردى. ئىگىز تاغ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋەردى...

مەلۇم بىر كۈنى، بىرگمولوگىيە ئەترىتى كېلىپ، بۇ ئىككى تاغنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ

چىققاندىن كېيىن پاكار تاغ ئۈستىگە قىزىل بايراقچىلارنى قاداپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پاكار تاغ باغرىغا شۇنداق ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن كېلىپ ئورۇنلاشتىكى، ئەتراپ بىردىنلا قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى. پاكار تاغنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقى كۈيلەنگەن خوشال ناخشا ساداسى پەلەكنى چاك كەلتۈرۈپ ياڭرىغىلى تۇردى. كېيىنچە كۆز يېغىنى يېگۈدەك پاقىراپ تۇرغان ساپ-سېرىق ئالتۇن پاكار تاغ قوينىدىن قېزىپ چىقىرىلدى...

—قانداق گەپ بۇ؟—دېدى ئاغزىنى ئاچقان پېتى داڭقېتىپ قالغان ئېگىز تاغ بىر ھازادىن كېيىن ئاران ھوشىنى تېپىپ، ئالتۇن دېگەن مېنىڭ باغرىمدىن چىقماي، ھېچكىم كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدىغان پاكار تاغ قوينىدىن چىققىنى نېمىسى؟! نەقەدەر ئەجەپلىنەرلىك ئىش-ھە!...

—بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەپلىنىپ كەتكۈچىلىكى يوق!—دېدى بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن بىر تۈپ قېرى قارىغاي ئېگىز تاققا قاراپ مەنىلىك قىلىپ،—گەپ سولەتتە ئەمەس، قوساقتىكى ئوماچتا.

1982-يىل 6-ئاي بېيجىڭ

# ئىككى شېئىر

ئەرشىدىن تاتلىق

## قارىقاش

قارىقاش يۇرتىدا كۆردۈم قارىقاش...
لەپىلدەر ياغلىقى گويا كى ئوتقاش.
يۈزلىرى نۇرانە قۇياشنىڭ ئەكسى،
يىلاندەك تولغۇنار بەلىرىدە چاچ.
چۈش چېغى ئېتىزدا ئۇ تاتتى كېۋەز،
شۇنچىلىك ئەپچىل ۋە شۇنچە ئالدىراش.
قىزىقىپ قارىدىم چىۋەرلىكىگە،
تەپ-تەكشى ئۇ تاتتى قويما ستىن ئاداش.
يىگىتلىك غۇرۇرۇم قىستىغاچ ئۇرغۇپ،
دېدىم مەن ئۇ قىزغا:
—سالام قەلەم قاش؟!...
—يول بولسۇن!—دېدى ئۇ:
سەپەر قايا قاقا ؟!...
مەن دېدىم: ئىككىمىز بولسا قىچۇسىر داش!...
—قەلبىمدە بىرسى بار سىزگە ئورۇن يوق!...
مەنزىلدىن قالماڭ مۇھتەرەم يولداش!...
جۈپ كۆزلەر ئۇچراشتى خىجالەت بىلەن،
ئىز بولۇپ قالدى شۇمەنىلىك قاراش!...

## ئۈژمە

ئۈژمىنى تەرىپلىدى قانچە قەلەمكەش،
مەنمۇ بۇ دەم قەلىمىمنى قىلماقچى تەڭكەش،
تارىختىن بىرى يار بىزگە بۇ ئۈژمە،
ئىلاچى— ئۆدۈن تەۋەللۇت ئەتكەن شۇ ئۈژمە.
ئاق،قارا ھەم چېقىر ئۈژمە، شاتۇتىسى،
ئەزەلدىنلا بولۇپ كەلدى ئەل ئۈزىمى.
«سېرىقتال» داچىقاردى ئۆدەرت- ئەلەمدىن،
يوقسۇللىنى يېنىكلەتتى قايغۇ- غەمدىن.

قوۋزىغىدىن قىلدى سەيلۇن قەغەز ئىجات①،
ئوي-پىكىرلەر يوقىلىشتىن تاپتى نىجات.
يوپۇرمىغى پىلىلەرگە بولغاچ ئوزۇق،
خان قىزى ئېلىپ كەتتى بۆندىن ئۇرۇق②.
شايى، ئەتلەس مەنبەسى يىپەك قۇرتى،
سىنىڭ بىلەن داڭچىقاردى يىپەك يۇرتى.
ياغىچىڭدىن فارابى قالۇن ياسىدى③،
سەن بىلەن مۇقام ئولمەي ئۆزۈن ياشىدى!

راۋاپ بىلەن تەمبۇر، ئۇد، غىجەك-دۇتار،
سىنىڭدىن تۇرەلدى ھەممىسى تار-خۇشتار...
شىبىخىڭ بولدى داپلارغا چىرايلىق گەردىش،
جانلاندى سەھنىدە، سەنئەتتە ھەرئىش.
ئەي ئىجات، ئەمگەكنىڭ بۈيۈك مەھسۇلى.
باھادىر خەلقىمنىڭ ئولمەس سىمۇۋلى،
ياشاردى ۋۇجۇدۇم مىۋەڭنى تېتىپ،
چىقتىم مەن ھورمەتتە نەزمىگە قېتىپ.

1982-يىل، خوتەن، قارىقاش.

①مىلادى 320-يىللىرى بۇلان (ھازىرقى پىچانغا توغرا كېلىدۇ) لىق سەيلۇن (ئۇيغۇر) ئۈژمە قوۋ-زىغىدىن تۇنجى قەغەزنى ياسىغان. ② رىۋايەتتە، يۇيتەن شاھىغا ھەدىيە قىلىنغان خان قىزى، چېچىنىڭ ئارىسىغا پىلە قۇرتى ۋە ئۈژمىنى يوشۇرۇپ چاڭئەنگە ئېلىپ كەتكەن دېيىلىدۇ. ③ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى دەسلەپتە ئىجات قىلغان قالۇننىڭ گەۋدىسىنى ئۈژمە ياغىچىدىن ياسىغان.

# ئۇسۇل

سىدىق كېرەم

ئويندى سەھنىدە بىرقىز پىقىراپ ھەريان ئۇسۇل،
كىقانات يايغان تاۋۇستەك بەرق ئۇرۇپ سەيلان ئۇسۇل
ئورگىلىپ ئۇ، چۆرگىلىپ ئۇ ئىگىلىپ ئوڭ-سول تامان،
ئويناتىپ بوستان چېچىنى يايرىدى، لەرزان، ئۇسۇل.
ئالدى بىر سەھنىنى گۈلدەك يېيىلىپ نازى بىلەن،
ئەۋرىشىم تەنىنىڭ سىماسى شوخ نەپىس مەردان ئۇسۇل.
ھەركىتى چاققان كىنىكتەك، جىلۋىسى ئاندىن گۈزەل،
مەھلىيا قىلدى يۈرەكنى ئەيلىدى خەندان ئۇسۇل.
ئۆزگىچە خاسلىق ئاماياەن كوركىدە، مەناسىدا،
يىپ-يېڭى ئۇسۇل ئىچىلىقىنىڭ جەۋھەرى جەۋلان ئۇسۇل.
كىشىكىم موجىزەدەرلەر زوقلىنىپ كورگەن ھامان،
چىن ھۇزۇر-داۋا يۈرەككە، تەنگە كۈچ-دەرمان ئۇسۇل.
ماختىدىم مەنمۇ كورۇپ، مىلك ئاپىرىن دىلدارساڭا،
بارچە-سەپ مەيداندا ياراپ ئويغىن ھەرئان ئۇسۇل.
بەر ھۇزۇر-روھى ئوزۇق ئەھلى جاما ئەتكە داۋام،
كەڭ قۇچاق ئاچتى سائادەت، يارساڭا دەۋران ئۇسۇل.

# قىسقا خەۋەرلەر

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ياسىن خۇدابەردى، «تارىم» ژۇرنىلىدىن مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدىن تاش مامۇت قاتارلىق يولداشلار تۇرمۇش ئۆگىنىش، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ۋىلايىتىمىزنىڭ نوۋەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، 1982-يىلى 8-ئاينىڭ بېشىدا ۋىلايىتىمىزگە كېلىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆجاڭى باكىر ئىسمايىلنىڭ ھەمراھلىقىدا جايلارنى زىيارەت قىلدى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىرى، تەھرىر ھەيئىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە ئاپتورلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ژۇرنالچىلىق خىزمىتى ۋە ئىجادىيەت ئەھۋالى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى رابىيە مەھەممەت 1982-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ قانات يېيىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

△ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مەسئۇل تەھرىرى خالىق ساقى ۋە بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ كومپوزىتورى ئابدۇللا ساقى (يەنپى) قاتارلىق ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىمىللى، خەنزۇ كادىرلارغا ئۆز كەچمىشلىرى ھەققىدە دوكلات بېرىپ، كەڭ كادىرلارنى بىر قېتىم مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى.

△ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدا 1982-يىلى 8-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ۋىلايىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىملىق يېزا مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكوم سېكرېتارى چېن شۇشېڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نۇر مۇھەممەت خۇداۋەردى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابدىرېشىت ئاۋۇت،

مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئاتىكە قۇربان قاتارلىقلار قاتنىشىپ، مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېزا مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆججەت، يوليورۇقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسىنىڭ يېزا مەدەنىيەت خىزمىتى ھەققىدىكى دوكلادىنى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئۆزئارا تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئالماشتۇردى. تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بۇندىن كېيىنكى يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىشنىڭ كونكرېت پىلان، تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

يىغىندا يەنە يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان 20 ئىلغار ئورۇن، 36 نەپەر شەخسى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندا ئېچىلىدىغان يېزا مەدەنىيەت خىزمىتى ئىلغارلىرى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقتى.

△ مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىن يولداش ياسىن ھاۋازى خوتەندە بولغان مەزگىلىدە ژورنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتورلار بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. ئامىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلىۋاتقان كىتابلارغا بولغان ئىنكاسىنى، تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى.

# مۇشتەرى بولۇڭلار

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى-خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان، ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا چىقىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال. بۇ ژۇرنالدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممە ژانىرلىرىغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلگەندىن باشقا، كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، تارىخى يادىكارلىقلارمۇ تونۇشتۇرۇلۇپ كەلمەكتە. ژۇرنال سەھىپىسى مەزمۇنغا بىرقەدەر باي، ئەسەرلەرنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل ھەم قىزىقارلىق.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئامما بىلەن يۈزكۆرۈشكىنىگە 4 يىلدىن ئاشتى. كېلەر يىلىمۇ داۋاملىق نەشر قىلىنىدۇ ۋە ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەرقايسى پوچتا تارماقلىرى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ژۇرنالنىڭ باھاسى 30 فوڭ، يىللىق ئابونە ھەققى 1 يۈەن يىگىرمە فوڭ. كەڭ كىتابخانلارنىڭ بۇ يىللىق 4-سانىغا ھەم 1983-يىللىق سانلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

新玉文艺 （维吾尔文季刊）

1982-يىل 3-سان (ئومۇمى 13-سان) 4-يىل نەشرى.

تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى.

ئادرېسى: خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىي-مائارىپ باشقارمىسى.

«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

ژۇرنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى 26-58 باھاسى 30 فوڭ